« ئۇچقۇندىن يالقۇن چىقىدۇ » ( ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرىدىن )

# ئۇچقۇن

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

ھەپتىلىك سىياسىي - ئىلمىي گېزىت

گېزىتىمىز 1999 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئېتىبارەن نەشر قىلىنماقتا

1999 - يىلى 5 - ئاي

7 - سان

گېرمانىيەدە نەشر قىلىندى

Eastern Turkistan Information Center

[EMBARGOED FOR: 21 April 1999] Public

# amnesty international

## PEOPLE'S REPUBLIC OF CHINA

### Gross Violations of Human Rights in the Xinjiang Uighur Autonomous Region



21 April 1999

AI Index: ASA 17/18/99

Distr: SC/CO/CH/GR

INTERNATIONAL SECRETARIAT, 1 EASTON STREET, LONDON WC1X 8DJ, UNITED KINGDOM

( « خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى » ھازىرلىغان دوكلاتنىڭ باش مۇقاۋىسى )

تاشقى دۇنيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ 50 يىلدىن بۇيان خەلقئارا سىياسىي سەھنىدە ئېرىشكەن ئەڭ زور مۇۋاپىقىيىتى :

## خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى جەنۋەدە چاقىرىلغان « بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ 55 - قېتىملىق ئومومىي يىغىنى » غا شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە 92 بەتلىك ئومومىي دوكلات سۇندى

ئۆز مۇخبىرىمىزنىڭ جەنۋەدىن بەرگەن خەۋىرى : خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، يىل 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنىگىچە شىۋىتسارىيەنىڭ جەنۋە شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن « بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ 55 - قېتىملىق ئومومىي يىغىنى » غا، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىقلىرىغا ۋە قىرغىنچىلىقىغا ئائىت 92 بەتلىك ئومومىي دوكلات سۇندى. بۇ دوكلات يىغىن جەريانىدا يىغىنغا قاتناشقان 100 دىن ئارتۇق دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرى ئۆمىكىگە، دۇنيادىكى بارلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغا، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ پارلامېنتلىرىغا ۋە پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىغا كەڭ دائىرىدە تارقىتىلدى. بۇ، 50 يىلدىن بۇيان بىر خەلقئارالىق تەشكىلاتنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە تۇنجى قېتىم بۇنداق تەپسىلىي ۋە كەڭ دائىرىلىك ئالاھىدە دوكلات سۇنۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئېرىشىلىۋاتقان ۋە خارلىنىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خەلقئارا سىياسىي سەھنىدە ئېرىشكەن بۇ زور مۇۋاپىقىيىتى ۋە شان - شەرىپى، ئالدى بىلەن ئىمانىنى، ۋەتىنى ۋە خەلقىنىڭ ھۆر - ئازاتلىقىنى قوغداش يولىدا قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلغان شېھىتلىرىمىزگە، خىتاينىڭ دەھشەتلىك زىندانلىرىدا چىدىغۇسىز ئازاپ - ئوقۇبەت چېكىۋاتقان باتۇر ئوغلانلىرىمىزغا ۋە خىتاينىڭ زۇلۇمىغا قارشى ئۈن - تىنسىز كۈرەش قىلىۋاتقان سانسىزلىغان نامسىز مۇجاھىدلىرىمىزغا مەنسۇپ ! ئۇلارنىڭ ئەجرى بىكارغا كەتمىدى، چۈنكى ئۇلار قىممەتلىك ھاياتى ۋە ئىسسىق قېنى ئارقىلىق ئۆز خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئۇيغۇزۇشتا مۇ ۋاپىقىيەت قازاندى، ئاللاتائالا ئۇلاردىن رازى بولغاي، ئامىن !

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ بۇ قېتىم تارقاتقان « شىنجاڭدا ئىنسان ھەقلىرى ئېغىر دەپسەندە قىلىنماقتا » دېگەن چوڭ ماۋزۇدىكى ئومومىي دوكلاتى جەمئىي 10 قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، « ئومومىي بايان » دېگەن بىرىنچى قىسمى، « ئوبزور » ، « بېكىتىۋەتىنىڭ رولى » ، « ئىرقىي كەمسىتىش » ، « دىن » ، « ئىجتىمائى ۋە مەدەنىي ھوقۇقلار » ، « پىلانلىق تۇغۇت » ، « بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى تۈزۈش كومىتېتىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە تەۋسىيەسى » قاتارلىق پاراگرافلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

« خەلقنىڭ خىتايغا قارشى ھەرىكەتلىرى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بۇنى باستۇرۇشى » دېگەن ئىككىنچى قىسمى، « خوتەن ۋەقەسى » ، « غۇلجا ۋەقەسى » ، « 1997 - يىلدىن كېيىنكى ئەھۋاللار » دېگەن پاراگرافلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ( داۋامى 2 - بەتتە )

## « ئۇچقۇن » گېزىتى مۇخبىرلىرى جەنۋەدە خىتايغا قارشى ئاچلىق ئېلان قىلغان ئېبەتلىكلەرنى زىيارەت قىلدى

ئۆز مۇخبىرىمىزنىڭ جەنۋەدىن بەرگەن خەۋىرى : يىل 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۇچقۇن گېزىتىنىڭ مەسئۇلى پەرھات مۇھەممەدى ۋە تەھرىرى ئۆمەرجان شاھيارىلار، شىۋىتسارىيەنىڭ جەنۋە شەھىرىدىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى خىزمەت بىناسىنىڭ ئالدىدا خىتاينىڭ ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىقلىرىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ ئاچلىق ئېلان قىلىۋاتقان ئېبەتلىكلەرنى زىيارەت قىلدى. ( داۋامى 3 - بەتتە )

## ئۇيغۇرلار جەنۋەدىكى « دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى » بىناسى ئالدىدا خىتايغا قارشى نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى

ئۆز مۇخبىرىمىزنىڭ جەنۋەدىن بەرگەن خەۋىرى : يىل 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، مەركىزى گېرمانىيەدىكى « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ ئەزالىرى مەخسۇس ئاپتوبۇس بىلەن ئالاھىدە شىۋىتسارىيەنىڭ جەنۋە شەھىرىگە بېرىپ، « بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى » نىڭ بىناسى ئالدىدا كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ نامايىش ئۆتكۈزدى. ( داۋامى 2 - بەتتە )

# خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى جەنۋەدە چاقىرىلغان «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ 55 ـ قېتىملىق ئومومى يىغىنى» غا

## شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە

## 92 بەتلىك ئومومى دوكلات سۇندى

( بېشى 1 ـ بەتتە )

دوكلاتنىڭ 3 ـ قىسمى «بىگۇناھ كىشىلەرنى قولغا ئېلىش ۋە قاماش»، 4 ـ قىسمى «سىياسى مەھبۇسلار ۋە ناھەق سوتلاش» دىگەن ماۋزۇلاردا بولۇپ، «قىيناش ۋە خورلاش» دىگەن ماۋزۇدىكى 5 ـ قىسمى، «قىيناش ئۇسۇللىرى»، «قارىلاش ۋە تۆھمەت چاپلاش»، «مەھبۇسلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى»، «تۈرمىلەردە نازارەت ئاستىدا ئۆلگەنلەر» قاتارلىق پىراگىراپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

دوكلاتنىڭ 6 ـ قىسمى «ئۆلۈم جازاسى» دىگەن ماۋزۇدا، 7 ـ قىسمى «ئۆلۈم جازاسى» دىگەن ماۋزۇدا، 8 ـ قىسمى «ھۆكۈمسىز ھالدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈش» دىگەن ماۋزۇدا، 9 ـ قىسمى «خۇلاسە ۋە تەۋسىيەلەر» دىگەن ماۋزۇدا بولۇپ، 10 ـ قىسمى «بىئوگرافىيە» دىن ئىبارەت.

دوكلاتتا مەخسۇس ئۇيغۇرلارغا ئائىت 70 پارچىدىن ئارتۇق فوتورەسىم، خىتاي سوتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ھۆكۈمناملىرى ۋە ھۆججەت ـ ماتىرىياللىرىنىڭ ئەسلى نۇسخىللىرى يەر ئالغان.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى يۇقارقى دوكلات مۇناسىۋىتى بىلەن مەخسۇس باياناتى ئېلان قىلىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ سەل قارىشى قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىش ئەھۋاللىرىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خىتايدا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىۋاتقان بىردىن ـ بىر رايون ئىكەنلىكىنى، شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسى مەھبۇسلارنىڭ دۇنيادا ئىنتايىن كام ئۇچرايدىغان ۋەھشىلەرچە قىيناشلارغا دۇچار بولۇۋاتقانلىقىنى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەتتا جىنسى ئورگانلىرىغا بىگىز قاتارلىق جىسىملارنى تىقىپ ئابۇت قىلىش قاتارلىق تىلغا ئالغىلى بولمايدىغان قاباھەتلىك ئۇسۇللارنىڭ بارلىقىنى بايان قىلىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىدىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىقىغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ، خىتاي دائىرلىرىنىڭ بۇ رايوندىكى ۋەھشى قىلمىشلىرىنى توختىتىشقا بېسىم ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇندىن باشقا يەنە خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى خىتاي ھۆكۈمىتىنى، ئالاھىدە بىر كومىتېت قۇرۇپ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرىگە قىلىنىۋاتقان تاجاۋۇزچىلىقلارنى ۋە يەرلىك خەلقنىڭ ئىقتىسادى، ئىجتىمائى، مەدەنى جەھەتتىكى تەلەپلىرىنى تەپسىلى تەكشۈرۈپ چىقىپ، جىددى تۈردە ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇشقا چاقىردى.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ئامېرىكا شۆبىسىنىڭ ئاسىيا ئىشلىرى مۇدىرى كۈمما ئەپەندى مەخسۇس مۇشۇ دوكلات مۇناسىۋىتى بىلەن ئامېرىكا پارلامېنتىدا سۆز قىلىپ، ناتونىڭ كوسوۋا ھەرىكىتىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى، بۇ ھەرىكەتنىڭ خىتاي دائىرلىرى ئۈچۈنمۇ بىر ئاگاھلاندۇرۇش بولۇپ ھېساپلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى يۇقارقى دوكلات ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، «ۋاشىنگىتون پوچتا گېزىتى» قاتارلىق دۇنيادىكى كۆپلىگەن نوپۇزلۇق گېزىتلەر ۋە رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى دوكلاتنىڭ مەزمونى ھەققىدە كەڭ دائىرىدە خەۋەر بەردى. چەتئەللەردىكى دېموكراتىك ئېقىمدىكى خىتايچە گېزىت ـ ژورناللارمۇ دوكلاتنى موھىم خەۋەر سۈپىتىدە قىسىملارغا بۆلۈپ ئېلان قىلدى.

يۇقارقى دوكلاتنىڭ قىسقارتىلىپ تەرجىمە قىلىنغان ئۇيغۇرچە نۇسخىسى يېقىندا گىرمانىيەدىكى «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» تەرىپىدىن بېسىپ تارقىتىلدى.

# ئۇيغۇرلار جەنۋەدىكى «دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى» بىناسى ئالدىدا خىتايغا قارشى نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى

( بېشى 1 ـ بەتتە )

بۇ، دەل «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى» نىڭ 55 ـ قېتىملىق ئومومى يىغىنى چاقىرىلىۋاتقان بىر پەيت ئىدى. شۇڭا بۇ قېتىمقى نامايىش ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى بىناسىغا كىرىپ ـ چىقىۋاتقان يىغىن ۋەكىللىرىنىڭ ئالاھىدە دىققەت ـ ئېتىۋارىنى قوزغىدى.



نامايىشچىلىرىمىز ئالدى بىلەن «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى بىناسى» ئالدىدىكى مەيدانغا توپلىنىپ، مەيداننىڭ ئەتراپىغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي ـ يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىنى قاتىرىسىغا رەتلىك تىكلەپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىقلىرىغا قارشى شوئارلار يېزىلغان لوزۇنكا ۋە تاختىلارنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى ۋە نارازىلىقلىرىنى تولۇق نامايەن قىلدى. ئۇندىن باشقا نامايىشچىلىرىمىزيەنە، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان ۋەھشى قىرغىنچىلىقلىرى پاش قىلىنغان ئەنگىلىزچە تەشۋىقات ماتىرىياللىرىنى ئىنسان ھەقلىرى يىغىنىغا كىرىپ ـ چىقىۋاتقان ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن ۋەكىللەرگە تارقىتىپ بەردى.




بۇ قېتىمقى نامايىشقا، شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىلەن بىرگە، ياۋروپادا ياشاۋاتقان بىر قىسىم تىبەتلىكلەر، موڭغۇللار ۋە دېموكراتىك خىتايلارمۇ قاتناشتى. نامايىش جەريانىدا شەرقىي تۈركىستانلىقلار تىبەت، موڭغۇل ۋە دېموكراتىك خىتايلارغا ۋاكالىتەن كەلگەن نامايىشچىلار بىلەن كەڭ دائىرىدە دىيالوگ قۇرۇپ، ئۇلار بىلەن كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلمىغا قارشى ئورتاق كۈرەش قىلىش ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇردى. بۇ قېتىمقى نامايىشقا قاتناشقان تىبەتلىكلەر، موڭغۇللار ۋە دېموكراتىك خىتايلار بىردەك ھالدا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقوقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۈزۈەتتە كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەرخىل شەكىلدىكى مىللى كۈرەشلىرىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

بۇ قېتىمقى نامايىش، 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن، بۇ قېتىمقى ئىنسان ھەقلىرى يىللىق يىغىنى ئاخىرلىشىدىغان 23 ـ كۈنىگە قەدەر داۋام قىلدى.

## ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلار خىتايغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزدى

ئامېرىكىدا چىقىدىغان خىتايچە «دۇنيا گېزىتى» نىڭ خەۋەرىگە قارىغاندا، بۇيىل 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى كىرىپ قىسمى ئامېرىكىلىقلاردىن تەشكىللەنگەن 300 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى، نيۇيوركتىكى خىتاينىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىك ئورنى ۋە باش كونسۇلخانىسى ئالدىدا نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈپ، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن تۈرمىلەردىكى سىياسى تۇتقۇنلارنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان.

«شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى» نەشر قىلدى

ۋەتەندىن كەلگەن خەت　«مىڭى خاتا تۇتۇلسا تۇتۇلسۇن بىرى قېچىپ كەتمىسۇن»　ۋەتەندىن كەلگەن خەت

**«مىڭى خاتا تۇتۇلسا تۇتۇلسۇن، بىرى قېچىپ كەتمىسۇن»**

نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا سان ـ ساناقسىز كىشىلەر كوممۇنىست خىتاينىڭ يۇقارقى سىياستىنىڭ قۇربانىغا ئايلانماقتا. شەرقىي تۈركىستاندا ئۆزىنىڭ نىمە ئۈچۈن تۇتۇلۇپ ، نىمە ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىۋاتقانلىقىنى بىلمەي ئۆلۈپ كېتىۋاتقان سان ـ ساناقسىز كىشىلەرھەم ئۇلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋاباتلىرى ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ يەنە قاچانغىچە تاقەت قىلىپ يۈرىدۇ؟

كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ناھەق ھالدا تۇتۇپ كېتىلگەن نۆۋەندىكى بىگۇنا ئىنسانلىرىمىزنىڭ «گۇناھ» لىرىغا قاراپ بېقىڭلار:

**ئابدۇسالام قارى**، 30 ياش، غۇلجا دۆڭ مەھەللىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە. ئۇ يەنە مەلۇم دەرىجىدە دىنى تەلىم ئالغان. ئۇ، غولجىدا ئاق ئالۋاستىغا (خېروين) يەم بولىۋاتقان ياشلارنى ئۇنۇڭ زەھەرلىك ئاغزىدىن قۇرتۇلۇشقا دەۋەت قىلىپ مەشرەپ ئۇيۇشتۇرغان. 97 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى خىتاي كومۇنىستلىرى تەرىپىدىن «مىللى بۆلگۈنچىلەرنى يېتەكلىگۈچى» دىگەن بوھتان بىلەن قولغا ئېلىنغان. ئۇ قولغا ئېلىنىپ 3 ـ كۈنى، يەنى 5 ـ ئاينىڭ 11ـ كۈنى خىتاي دائىرلىرى ئابدۇسالام قارىمىنىڭ جەسىدىنى ئۆيىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن ھەمدە ئۇنى «بىنادىن سەكرەپ ئۆلىۋالدى» دىگەن. مەرھۇمنىڭ جىنازا نامىزىغا 15 ماشىنا قۇراللىق ئەسكەرقاراۋۇللۇق قىلغان،كوچا ـ كوچىلارغا خىتاي ئەسكەرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ ئابدۇسالام قارىمىنىڭ جىنازا نامىزىغا قاتنىششىغا توسقۇنلۇق قىلغان ۋە نۇرغۇن ئادەمنى نامازغا قاتناشتۇرمىغان.

**ئابدۇشۈكۈر ھاجىم**، 40 ياش، غولجا دۆڭ مەھەللىدە تۇغۇلغان. ئۇ، «مىللى بۆلگۈنچى، دىن تارقاتقۇچى» دىگەن نام بىلەن 4 ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە قولغا ئېلىنغان.

**ئابلەھەت قارىھاجىم** ، غولجا ناھىيەئۈچئۇن يېزىسىدىن بولۇپ، 60 ياش. ئۇ، «مىللى بۆلگۈنچى دىني كۈچلەرنى قوغدىغان ۋە ھېسداشلىق قىلغان» دىگەن سەۋەپ بىلەن 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى قولغا ئېلىنغان. ھازىر غۇلجا ۋىلايەتلىك تۈرمىدە.

**ئۆمەر تۇرسۇن**، قەشقەر قوقان يېزىسىدىن بولۇپ، 72 ـ يىلى تۇغۇلغان . ئۇ، 1999ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى خىتاي ساقچىللىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان بولۇپ، قولغا ئېلىنىپ 45 سائەتتىن كېيىن تۈرمىدە قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ جەسدىنى ئۆيىگە بەرمىگەن . جەسەتنى كۆرگۈچىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، خىتاي فاشىسلىرى مەرھۇمنىڭ پۈتۈن جىسمىنى توككا چېتىپ قىينىغان ، قىززىق تۆمۈر بىلەن داغلىغان، ئىتقا تالاتقان. تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولغىنى ، جەسەت 4 پارچە قىلىنغان. زوراۋان ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ بۇ رەھىمسىز قىلمىشىنىڭ ئاشكارىلىنىشىدىن قورقۇپ، مەرھۇم توغرىسىدا گەپ قىلغانلارنىمۇ قولغا ئالغان، جەسەت قەبرىگە قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ ساقچىلار تۇپراق بېشىدا قوراللىق مۇۋاپىزەت قىلىپ تۇرغان.

**مەتتوختى**، يەكەن ناھىيىسى ئىگەچى يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، 21 ياش. ئۇ ئۈرۈمچىگە تىجارەت قىلىپ بارغاندا، «گۇمانلىق ئۇنسۇر» دىگەن نام بىلەن 97 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى قولغا ئېلىنغان.

**ئابدۇلھەكىم ھوشۇر** ،خوتەن ۋىلايىتى گۇما ناھىيىسى قاراتاغۇز يېزىسىدا تۇرۇشلۇق بولۇپ، 30 ياش. ئۇ 93 ـ يىلى «گۇمانلىق سىياسى جىنايەتچى ، دىني كۈچلەرنىڭ كاتتىبېشى» دىگەن تۆھمەت بىلەن قولغا ئېلىنىپ، 12 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ھەمدە ئۇنىڭ 10 مىڭ يۈەنلىك موتوتسىكلىتى مۇسادىرە قىلىنغان .

**ئابدۇقادىر توختى**، خوتەن ۋىلايىتى گۇما ناھىيەسى قوشتاغ يېزىسىدىن بولۇپ، 1972 ـ يىلى تۇغۇلغان. ئۇ، «گۇمانلىق سىياسى جىنايەتچى» دىگەن تۆھمەت بىلەن 1993ـ يىلى قولغا ئېلىنغان. 94 ـ يىلى 6 ـ ئايدا سوتلىنىپ، 14 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان.

**ئەزىمەت سادىر** ، 48 ياش. ئۇ، 93ـ يىلى «گۇمانلىق سىياسى جىنايەتچىلەرنىڭ مەسلىھەتچىسى» دىگەن باھانەبىلەن قولغا ئېلىنغان. 94 ـ يىلى ناھەقتىن ناھەق 10 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن.

**دىني ئالىم ئابدۇلھاپىز مەمتىمىن**، خوتەننىڭ كۆك تېرەك يېزىسىدىن بولۇپ، 30 ياش. ئۇنىڭ ئىككى بالىسى بار . خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ ھەققىدە 93 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 17ـ كۈنى «سىياسى جىنايەتچى» دىگەن نام بىلەن ۋەتەننىڭ ھەممىلا يېرىگە تۇتۇش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن. گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى ئابدۇلھاپىز مەمەتىمىنىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلغانلارغا 1000 يۈەندىن 2000 يۈەنگىچە مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى تۇتالمىغان. شۇنىڭ بىلەن غالجىرلاشقان خىتاي كومىنىسلىرى ، شەرقى تۈركىستاننىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە 100 كۈندەك تازىلاش ئېلىپ بېرىپ، ئاخىرى 96 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۇنى قومۇل ۋىلايىتىنىڭ يوقىرى ئايە دىگەن يېرىدىن قولغا چۈشۈرگەن. «جىنايەتچىنى ئۆيىگە يوشۇرغان» دىگەن باھانە بىلەن ئۇ تۇرغان ئۆينىڭ ئىگىسىنى بالىسى بىلەن قوشۇپ قولغا ئالغان، ئۆيدە پەقەت ئۇلارنىڭ ياشىنىپ قالغان ئانىسلا قالغان.

**ئابلەت مەمەت**، 26 ياش،گۇما ناھيە كونا بازار يېڭى ئۆستەڭ بويى مەھەللىسدە ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنى «ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلغۇچى» دىگەن باھانە بىلەن 93 ـ يىلى قولغا ئالغان. 94 ـ يىلغا كەلگەندە خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنى «ئۆز جىنايىتىنى ئىقرار قىلدى» دەپ، 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان. ھازىر ئۈرۈمچى تۈرمىسىدە.

**مەمەت سادىر** ، 40 ياش، گۇما ناھىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدە سىنئالغۇچىلىق خىزمىتىنى قىلاتتى. 93 ـ يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنى «چەكلەنگەن سىنئالغۇلېنتىللىرىنى تارقاتقان، ھۆكۈمەتنىڭ سىياستىگە قارشى چىققان» دىگەن بوھتان بىلەن قولغا ئېلىنغان. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ دىلوسىنى 94 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە سۆرەپ ، ئاخىرى ھېچبىر دەلىل ـ ئىسپاتسىزلا 14 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان.

**ئەھمەت جامال** ، 31 ياش، گۇما ناھيە قارا تاغىز يېزىسىدىن. ئۇ، «سىياسى جىنايەتچى» دىگەن ئام بىلەن 93 ـ يىلى قولغا ئېلىنغان، 94 ـ يىلى 6 ـ ئايغا كەلگەندە 15 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن

**ئىمىن توختى**، 25 ياش، ئۇ 95 ـ يىلى «گۇمانلىق سىياسى جىنايەتچى» دىگەن سەۋەپ بىلەن قولغا ئېلىنغان.

**ماخمۇت مۇھەممەت**، 26 ياش، گۇما ناھيە كۆكتېرەك يېزىسىدىن. ئۇ، 93 ـ يىلى «گۇمانلىق سىياسى جىنايەتچى» دىگەن سەۋەپ بىلەن قولغا ئېلىنغان.

خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقى تۈركىستان خەلقىنى ھەر باھانىلار بىلەن قىرىپ تۈگىتىشكە ئۇرۇنماقتا. ئەمما شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ «ئەلەكمولللا» دەپ قول قوشتۇرۇپ تۇرىۋەرمەيدۇ. كۈرەش ئۈچۈن باغلانغان بەللەر، تۈرۈلگەن يەڭلەر ئەمدى بوشاشمايدۇ.

## خىتايدا جىنايى ئىشلار دىلولىرى كۆپەيمەكتە

ئۆز خەۋىرىمىز: خىتاي ئالى خەلقسوت مەھكىمىسىنىڭ ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ئۆتكەن يىلى ئىچىدە خىتاي بويىچە 48 مىڭ 200 قېتىم جىنايى ئىشلار دىلوسى يۈز بېرىپ، 530 مىڭ كىشى ھەرخىل قاماق جازالىرىغا ھۆكۈم قىلىنغان . دىلولارنىڭ سادىر بولۇش نىسبىتى ئالدىنقى يىلدىكىگە قارىغاندا 9.03 پىرسەنت، ھۆكۈم ئېلان قىلىنغانلار بولسا 30.76 پىرسەنت ئاشقان.

# شېھىت توختى قۇربانىنى ئەسلەيمەن

ئەخمەت ئىگەمبەردى

بۇيىل 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىق ئىنقىلاۋىنىڭ قەھرىمانى، جەسۇر مۇجاھىد ۋە ئاتاقلىق ژورنالىست توختى قۇربانىنىڭ كوممۇنىست خىتاي جاللاتلىرى تەرىپىدىن شېھىد قىلىنغانلىقىنىڭ 19 يىللىق خاتىرە كۈنى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

توختى قۇربان 1924 - يىلى ئۈرۈمچى مال بازىرىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ تەلىملىرىنى ئالغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان دارىلفۇنۇنىنى پۈتتۈرۈپ، دەسلەپتە ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر ئويۇشمىسىدا ئىشلىگەن. بۇ دەۋرلەردە توختى قۇربان ۋەتەن - مىللەتنىڭ مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىك كۈرەشلىرىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، ئىنقىلاۋى پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ تۈردە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، خىتاي ئىستىبدات ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغان. ئۇ ئىككى يىل تۈرمىدە ياتقاندىن كېيىن، ئەينى چاغدىكى خەلق ئىنقىلاۋى كۈچلىرىنىڭ خىتاي ھاكىمىيىتىگە بېسىم ئىشلىتىشى نەتىجىسىدە تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، ئەمما گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى قەشقەرگە سۈرگۈن قىلىدۇ. 1948-يىلى توختى قۇربان قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنە يېڭىچە غەيرەت بىلەن ئىنقىلاۋى ئىشلىرىغا بېرىلىپ كېتىدۇ.

توختى قۇربان 1949 - يىلدىن 60 - يىللارنىڭ بېشىغا قەدەر « شىنجاڭ گېزىتى » دە ۋە 60 - يىللارنىڭ بېشىدىن 70 - يىللارنىڭ باشلىرىغا قەدەر « شىنجاڭ نەشرىياتى » دا ھەردەرىجىلىك رەھبىرى خىزمەتلەردە ئىشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خىزمەت ئىمكانىيىتىدىن پايدىلىنىپ، بار كۈچى ۋە ئەقىل پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت، نەشرىيات ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى قوغداش ھەم تەرەققى قىلدۇرۇش، شۇنداقلا بىرتۈركۈم مىللىي كادىرلارنى تەربىيىلەش جەھەتلەردە ئالاھىدە تۆھپىلەر قوشتى.

كوممۇنىست خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك، چوڭ خىتايچىلىق، فاشىستىك سىياسىتىگە قارشى كۆكرەك كېرىپ چىققان بۇ جەسۇر مۇجاھىدىمىزنى ئەڭ چوڭ دۈشمەنلىرى قاتارىدا كۆرۈپ، 1957 - يىلدىكى « يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش » ، 62 - يىلى باشلانغان « شيۇجېڭجۇيىچىلىككە قارشى تۇرۇش » ، 64 - يىلدىكى « 4 نى ئېنىقلاش » ۋە كېيىنكى « مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى » قاتارلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارشى يۈرگۈزۈلگەن زەربە بېرىش ھەرىكەتلىرىدە ئۇنىڭغا، « يەرلىك مىللەتچى »، « شيۇجېڭجۇيىچى »، « چەتئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر »، « ئەكسىلئىنقىلاپچى » دېگەندەك بەدناملارنى چاپلاپ، خىزمەت ئورۇنلىرىدىن چۈشۈرۈپ، كۆپ قېتىملاپ جازالىغان ئىدى.

توختى قۇربان مىللىتىمىزنىڭ ئىچىدىن چىققان پېشقەدەم ئىنقىلاپچىلا ئەمەس، بەلكى ھەر تەرەپلىمە بىلىملەرگە باي، تونۇلغان ئاتاغلىق ژورنالىست ئىدى.

1957 - يىلى يازدا تاشكەنتتىن پراكتىكا ئۈچۈن ساۋاقداشلىرىم دولقۇن ياسىن، ھەبىبۇللا يۇنۇسلار بىلەن بىرگە « شىنجاڭ گېزىتى » گە كېلىپ بىر ئاي ئىشلىگەن ھەم ئۆگەنگەن ئىدۇق. شۇ مەزگىلدە بۇ گېزىتنىڭ مۇئاۋىن باش تەھرىرى بولغان توختى قۇربان بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا بىۋاستە رەھبەرلىك قىلغان ھەم بۇجەرياندا ئۆزىنىڭ ئەتراپلىق بىلىمى، پىشقان ژورنالىستلىق تەجرىبىسى بىلەن بىزگە ئالاھىدە تەسىر بەرگەن.

1961 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرى سەمەرقەنت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋە بەزى ئۆزبېك فىراپېسورلار مېنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمنى ھەم شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەنلىكىمنى بىلىپ، ماڭا 1956 - يىلى توختى قۇربان بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا ئۇچراشقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ بىلىم قابىلىيىتىگە قايىل بولغانلىقىنى، توختى قۇربانىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ژورنالىستلارنىڭ ئىچىدە بىرىنچى قاتاردا تۇرىدىغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستاندا توختى قۇرباندەك قابىلىيەتلىك ئادەمنىڭ بارلىقىغا ھەيران بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، خىتاي ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇپمۇ يەنە ئۆزىنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىلغارلىقىنى ساقلاپ قالالىغان توختى قۇرباندەك ئىنسانلارنى يېتىشتۈرگەن ئۇيغۇر خەلقىگە رەخمەت ئېيتقان ئىدى.

مەن توختى قۇربانىنى ئاخىرقى قېتىم 67 - يىلى ئۆكتەبىردە ياڭخاڭ كىتاپخانىسى ئالدىدا قول ھارۋىسىدا قەغەز، كىتاپ - ماتېرىياللارنى نەشرىياتقا سۆرەپ ئېلىپ كېتىۋاتقان ھالدا كۆردۈم. بۇ دەل مېنىڭ داۋانچىڭدىكى نازارەتخانىدىن قېچىپ كەلگەن كۈنلىرىم ئىدى. ئىككىمىز كۆرۈشۈپلا بىرمەھەل ۋەزىيەت ھەققىدە سۆزلىشىپ قالدۇق. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىدارىسىدا نازارەت ئاستىدا تۇرۇۋاتقانلىقىغا ھەم ئەھۋالىنىڭ ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىگە قارىماي ماڭا، « ھە، ھەرگىز ئۈمىتسىز ئەمەسمىز، ئىنشائاللاھ بىزنىڭ كوچىدىمۇ بايرام بولىدۇ » دېگەن ۋاختىدا، ئۇنىڭ كۆزئەينىكى ئاستىدىكى ئويچان كۆزلىرىنىڭ ئۈمۈت نۇرلىرى بىلەن چاقناپ، شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ كەتكىنىنى كۆرگەن ئىدىم...

ئۆزىنىڭ بارلىقىنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرىغا بېغىشلىغان مۇجاھىد توختى قۇربان، 60 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى شەرقىي تۈركىستانغا كەڭ يېيىلغان ئومومى خەلق قوزغىلىڭىغا باشتىن - ئاخىر قاتنىشىپ، ئۇنىڭ موھىم رەھبىرى ۋە تەشكىلاتچىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالىدۇ.

ئەپسۇسكى « خوشنا دۆلەت » نىڭ يەنە بىر قېتىم شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قىلغان خىيانىتى تۈپەيلىدىن، ھېچقانداق تاشقى ياردەمسىز قالغان ئومومى خەلق قوزغىلىڭى كوممۇنىست خىتاي جاللاتلىرى تەرىپىدىن قانلىق باستۇرىلىدۇ. 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ بېيجىڭ ھاكىمىيىتى بىۋاستە ھالدا دۆلەت مۇداپىيە قىسىملىرىنى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنى، ساقچى ئورگانلىرىنى، بىڭتۈەن قوشۇنلىرىنى ۋە مىنبىڭلارنى ئىشقا سېلىپ، بىرلا ۋاقىتتا غۇلجا، ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ بارلىق شەھەر، ناھىيە ۋە يېزا - قىشلاقلىرىدا تويۇقسىز تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى باشلىدى. پۈتۈن قاتناش يوللىرى قامال قىلىندى. شەھەر - يېڭىزىلار قورشالدى. بۇتازىلاش جەريانىدا سانسىزلىغان ۋەتەنپەرۋەر زىيالىلار، دىنى زاتلار، ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئىشچى - دېھقانلار، ھەتتا شەھەر ئاھالىلىرى قارا - قويۇق تۇتقۇن قىلىندى. پەقەت ئۈرۈمچىنىڭ ئۆزىدىلا 23 - ئىيون كۈنى ئاز دېگەندە 50 مىڭدىن ئوشۇق كىشى تۇتقۇن قىلىندى. پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىدارە - ئورگانلار، كىنو- تىياتىرخانىلار، مەكتەپ ۋە دوختۇرخانىلار، ئىسكىلات - ئامبارلار ۋە ھەتتا كانلارغا يۈز مىڭلىغا ن كىشىلەر سولۇنۇپ، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان دۇنيا تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن قانلىق زىندانغا ئايلاندى...

ئەشۇ قانلىق تۇتقۇندا قولغا ئېلىنغان توختى قۇربان، 1970 يىلى 17 - ماي كۈنى ئۈرۈمچىدە نىياز ئۆمەر، ئابدۇرەھىم باقى، ھوشۇر قارى، ياش قەھرىمان دولقۇن ئىبراھىم قاتارلىق 30 نەپەر مۇجاھىد بىلەن بىرگە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. بۇچاغدا توختى قۇربان 45 ياشتا ئىدى. ئىنقىلاپ رەھبەرلىرىدىن ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمەتئىمىن ئىمىنوف دوختۇرخانىدا زەھەرلىك ئوكۇل بىلەن يوشۇرۇن ھالدا قەسلەپ ئۆلتۈرۈلدى. پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا قانلىق باستۇرۇش 6 ئاي داۋام قىلدى. ھەتتا ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلارغا ئۆلۈم ھۆكۈم قىلىش ۋە ئىجرا قىلىش ھوقوقى بېرىلىپ، پەقەت شۇ بىر كۈن ئىچىدە، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان بويىچە نەچچە يۈزلەپ ۋەتەنپەرۋەر زاتىمىز شېھىد قىلىندى. شۇ تۇتقۇندا قولغا ئېلىنغان بىرقىسىم خەلق ۋە ۋەتەنپەرۋەرزاتلىرىمىز ھازىرمۇ ھەم 97 - يىلى 4 - ۋە 5 - فېۋراللاردا غۇلجا ئىنقىلاۋىدا قولغا ئېلىنغان مىڭلىغان قەھرىمانلار بىلەن كوممۇنىست خىتاينىڭ قانلىق تۈرمىلىرىدە دەھشەتلىك ئازاپلارنى چېكىۋاتىدۇ.

يېقىندا ئاتالمىش « ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت » ،« ئاساسىي قانۇنىدا يىلتىز تارتقان شەخسىيەتسىز كىشىلەر » دەپ ئاتالغان 10 كىشىنى مۇكاپاتلاپ، كىشىلەرنى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ۋە باسقۇنچىلىق

(داۋامى 6 - بەتتە)

# ئەرەبىستاندىكى هارماس ئۇستاز مۇھەممەت قاسىم ھاجىم بىلەن سۆھبەت

ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار ، « ئۇچقۇن » گېزىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ساھىبى ئابدۇجېلىل قاراقاش ئەپەندى ئۈتكەندە سەئۇدى ئەرەبىستانغا قىلغان سەپەردە، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئەرەبىستاندا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان جامائەت ئەربابىمىز، تارىخچىمىز ۋە ئەدىپ - شائىرىمىز مۇھەممەت قاسىم ئەپەندىنى زىيارەت قىلغان ئىدى. تۆۋەندە بۇ زىيارەت خاتىرىسىنىڭ تەپسىلاتىنى دىققىتىڭلارغا سۇنماقچىمىز :

سوئال : مۇھتەرەم ئۇستاز مۇھەممەت قاسىم ئاكا، بىزگە ئۆزىڭىز ھەققىدە قىسقىچە سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟

جاۋاپ : بولىدۇ ، مەن 1930 -يىلى 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ ئەزىزانە شەھرى قەشقەردە تۇغۇلدۇم. 1938 - يىلى شۇ زاماندا قەشقەردە ئېچىلغان يېڭى مائارىپ مەكتۇپدە بىر يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، 1939 - يىلدىن 1949 - يىلىغا قەدەر دىنىي مەدرىسىلەردە ئەرەبچە ئوقۇدۇم. 1949 - يىلى رەھمەتلىك دادام ئەمىن ھاجىم بىلەن بىللە سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەجگە كېلىپ، سەئۇدى ئەرەبىستاندا مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇپ قالدۇق. 1950 - يىلى ئەرەبىستاندىكى « پالاھ » ناملىق مەدرىسىدە ئوقۇدۇم. 1982 - يىلىدىن 1992 - يىلغىچە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە رادىئوسى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمىدە ئىشلىدىم. ھازىرمۇ ھەم مەككە مۇكەررەمدە ياشاۋاتىمەن. ئائىلەم ۋە ئۆيلۈك - ئوچاقلىق ئون بالام ، 33 نەۋرەم بار. سەئۇدى ئەرەبىستانغا كەلگەندىن باشلاپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا يەنە ئىلمى ئىشلار بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىمەن.



سوئال : سىز قاچاندىن بېرى ئىلمى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىسىز ؟

جاۋاپ : 1955 - يىلىدىن باشلاپ ئىلمى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشتىم.

سوئال : سىز قايسى ساھەلەردە ئىلمى ئىشلار ئېلىپ باردىڭىز ؟

جاۋاپ : مەن دەسلەپتە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەسەرلىرىنى ئۈگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان بولسام، كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەسەرلىرى ۋە تارىخ كىتاپلىرىنى تەرجىمە قىلىش بىلەن شۇغۇللاندىم.

سوئال : سىز قايسى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلدىڭىز ؟

جاۋاپ : مەن تۇرغۇن ئالماسنىڭ « ھۇنلارنىڭ قىسقىچە تارىخى » ، ھاجى نۇرھاجىنىڭ « قاراخانىلارنىڭ قىسقىچە تارىخى » ، « چىڭگىزنامە » ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ « قۇتاتقۇ بىلىك » ، مۇھەممەت ئەمىن بۇغرانىڭ « شەرقىي تۈركىستان تارىخى » ... قاتارلىقلارنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلدىم.

سوئال : ئۆزىڭىزنىڭ يازغان ئەسەرلىرىڭىز ھەققىدىمۇ قىسقىچە توختىلىپ ئۆتسىڭىز؟

جاۋاپ : مەن يازغان ئەسەرلەردىن بىرىنچىسى، « تۈركىستاندىكى مەشھۇر كىشىلەر » دىگەن كىتاپ. بۇئەسەر 4 توم بولۇپ، جەمئى 3000 بەت. بۇ كىتاپقا 635 رەسىم ، ئىككى خەرىتە قويۇلغان. ئىككىنچىسى «شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆپ پادىشالىق دەۋرى ۋە ھازىرقى دەۋرى» دىگەن ئەسەرىم . ئۈچۈنچىسى، 300 بەتلىك ئەرەبچە - تۈركىستانچە شېئىرلار توپلىمىم ۋە ئۆزەمنىڭ بىر يۈرۈش شېئىر توپلاملىرىمدىن ئىبارەت. ئۇندىن باشقا يەنە دىنى ئەسەرلەردىن ئەبۇل ھەسەن لەدۇنىنىڭ « پەيغەمبەرلەرنىڭ خاتىمى » دىگەن كىتابىنى ھەم ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدىم. ئۇيغۇرلار » دىگەن كىتابىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىۋاتىمەن. ئۇھەم بېسىلىپ چىقسا دىگەن ئۈمۈدىم بار.

سوئال : ۋەتەنداشلاردىن نىمىلەرنى ئۈمىت قىلىسىز ؟؟

جاۋاپ : ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ كۆپلەپ كىتاپ ئوقۇشىنى ۋە يازغۇچىلىرىمىزنى قەدىرلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.



( سۈرەتتە : « ئۇچقۇن » گېزىتىنىڭ ساھىبى ئابدۇجېلىل قاراقاش ۋە مۇخبىرلىرى پەرھات مۇھەممىدى، تەرجىمان شاھيارى ۋە تۇرسۇن مۇھەممەتلەر جەنۋەدىكى « بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومۇتېتى » نىڭ مەركىزى بىناسى ئالدىدا )

## شېھىت توختى قۇربانىنى ئەسلەيمەن

( بېشى 5 بەتتە )

سىياسەتكە جېنىنى ساتقان بۇ غالچىلاردىن ئۆگۈنۈشكە چاقىردى . خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ بازارغا سېلىۋاتقان ئىسمى يېڭى، جىسمى كونا بولغان بۇ ئەبجەق ماللىرىنىڭ ئاتالمىش لېي فېڭ، ۋاڭ جيې، جىياۋيۈلۇ دىگەنگە ئوخشاش خىتاينىڭ مۇستەملىكچى ئەرۋاھلىرىدىن نىمە پەرقى؟ بۇ قېتىمقى « ئۆگۈنۈش » ھەرىكىتىنىڭ تۈپ مەقسىدى يەنىلا بىز ئۇيغۇرلارنى ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزدىن، ئالىجاناپ مىللىي روھىمىزدىن ئاجرىتىپ تاشلاپ، خىتاي مۇستەملىكچىلىرىگە سادىق قۇل ۋە مەڭگۈلۈك ئەسىر قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بىز مۇنداق قىلتاقلارغا تالاي قېتىملاپ دەسسەپ، ئۆز ئانا يۇرتىمىزدا نەپرەتلىك قۇللارغا ئايلاندۇق ! ئۇنداق نىمىلەرنى ئۆگەنگەنسىرى ، دۈشمىنىمىزنى سەمرىتىپ، ئۆزىمىزنى نەس بېسىپ، يوقۇلۇش ئالدىدىكى ئەبگالارغا ئايلاندۇق. بەس، يېتەر! بىزئۈچۈن بالايى - ئاپەت بولغان ئۇنداق ئۆلگىلىرىنى خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۆز بېشىغا ئاتسۇن!

بىز ئۇيغۇرمىز! بىز تۈركمىز! بىز مۇسۇلمانمىز! بىزنىڭ ئۆگۈنىدىغان ئۇلۇغ قۇرئانىمىز، ھەدىسلىرىمىز بار، بىزنىڭ ئۆگۈنۈش ئۆلگىلىرىمىز - شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۆرەش قىلىپ شېھىت بولغان رەھىمتۇللا بەگ، سادىر پالۋان، نوزۇگۇم، رىزۋانگۈل، غېنى باتۇر، كاپىتان ياقۇپجان راخمانوف، مەمەتئىمىن ئىمىنوف، توختى قۇربانلارغا ئوخشاش خەلقىمىزنىڭ ھەقىقى مىللىي قەھرىمانلىرى! بىز شۇلارنى ئۆلگە قىلىشىمىز، شۇلاردىن ئۆگۈنىشىمىز كېرەك!

99 - يىلى 23 - ئاپرېل (لىۋېرپول - سىدنىي)

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشىر قىلدى

# ئەرەبىستاندىكى ھارماس ئۇستاز
# مۇھەممەت قاسىم ھاجىم بىلەن سۆھبەت

ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار، « ئۇچقۇن » گېزىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ساھىبى ئابدۇجېلىل قاراقاش ئەپەندى ئۆتكەندە سەئۇدى ئەرەبىستانغا قىلغان سەپىرىدە، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئەرەبىستاندا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان جامائەت ئەربابىمىز، تارىخچىمىز ۋە ئەدىب - شائىرىمىز مۇھەممەت قاسىم ئەپەندىنى زىيارەت قىلغان ئىدى. تۆۋەندە بۇ زىيارەت خاتىرىسىنىڭ تەپسىلاتىنى دىققىتىڭلارغا سۇنماقچىمىز:

سوئال: مۆھتەرەم ئۇستاز مۇھەممەت قاسىم ئاكا، بىزگە ئۆزىڭىز ھەققىدە قىسقىچە سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟

جاۋاپ: بولىدۇ، مەن 1930-يىلى 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ ئەزىزانە شەھرى قەشقەردە تۇغۇلدۇم. 1938 - يىلى شۇ زاماندا قەشقەردە ئېچىلغان يېڭى مائارىپ مەكتۇپىدە بىر يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، 1939 - يىلدىن 1949 - يىلىغا قەدەر دىنىي مەدرىسىلەردە ئەرەبچە ئوقۇدۇم. 1949 - يىلى رەھمەتلىك دادام ئەمىن ھاجىم بىلەن بىللە سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەجگە كېلىپ، سەئۇدى ئەرەبىستاندا مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇپ قالدۇق. 1950 - يىلى ئەرەبىستاندىكى « پالاھ » ناملىق مەدرىسىدە ئوقۇدۇم. 1982 - يىلدىن 1992 - يىلىغىچە سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ جىددە رادىئوسى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلىمىدە ئىشلىدىم. ھازىرمۇ ھەم مەككە مۇكەررەمەدە ياشاۋاتىمەن. ئائىلەم ۋە ئۆيلۈك - ئوچاقلىق ئون بالام، 33 نەۋرەم بار. سەئۇدى ئەرەبىستانغا كەلگەندىن باشلاپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا يەنە ئىلمىي ئىشلار بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىمەن.



سوئال: سىز قاچاندىن بېرى ئىلمىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىسىز؟

جاۋاپ: 1955 - يىلدىن باشلاپ ئىلمىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشتىم.

سوئال: سىز قايسى ساھەلەردە ئىلمىي ئىشلار ئېلىپ باردىڭىز؟

جاۋاپ: مەن دەسلەپتە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان بولسام، كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەسەرلىرى ۋە تارىخ كىتاپلىرىنى تەرجىمە قىلىش بىلەن شۇغۇللاندىم.

سوئال: سىز قايسى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلدىڭىز؟

جاۋاپ: مەن تۇرغۇن ئالماسنىڭ « ھۇنلارنىڭ قىسقىچە تارىخى »، ھاجى نۇرھاجىنىڭ « قاراخانىلارنىڭ قىسقىچە تارىخى »، « چىڭگىزنامە »، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ « قۇتادغۇ بىلىك »، مۇھەممەت ئەمىن بۇغرانىڭ « شەرقىي تۈركىستان تارىخى » ... قاتارلىقلارنى ئەرەپچىگە تەرجىمە قىلدىم.

سوئال: ئۆزىڭىزنىڭ يازغان ئەسەرلىرىڭىز ھەققىدىمۇ قىسقىچە توختىلىپ ئۆتسىڭىز؟

جاۋاپ: مەن يازغان ئەسەرلەردىن بىرىنچىسى، « تۈركىستاندىكى مەشھۇر كىشىلەر » دېگەن كىتاپ. بۇ ئەسەر 4 توم بولۇپ، جەمئى 3000 بەت. بۇ كىتاپقا 635 رەسىم، ئىككى خەرىتە قويۇلغان. ئىككىنچىسى «شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆپ پادىشالىق دەۋرى ۋە ھازىرقى دەۋرى» دېگەن ئەسىرىم. ئۈچۈنچىسى، 300 بەتلىك ئەرەبچە - تۈركىستانچە شېئىرلار توپلىمىم ۋە ئۆزەمنىڭ بىر يۈرۈش شېئىر توپلاملىرىمدىن ئىبارەت. ئۇندىن باشقا يەنە دىنى ئەسەرلەردىن ئەبۇل ھەسەن لەدۋىنىنىڭ « پەيغەمبەرلەرنىڭ خاتىمى » دېگەن كىتابىنى ھەم ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدىم. ئۇيغۇرلار » دېگەن كىتابىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىۋاتىمەن. ئۇھەم بېسىلىپ چىقسا دېگەن ئۈمىدىم بار.

سوئال: ۋەتەنداشلاردىن نىملەرنى ئۈمىت قىلىسىز؟؟

جاۋاپ: ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ كۆپلەپ كىتاپ ئوقۇشىنى ۋە يازغۇچىلىرىمىزنى قەدىرلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.



( سۈرەتتە: « ئۇچقۇن » گېزىتىنىڭ ساھىبى ئابدۇجېلىل قاراقاش ۋە مۇخبىرلىرى پەرھات مۇھەممىدى، ئۆمەرجان شاھيارى ۋە تۇرسۇن مۇھەممەتلەر جەنۋەدىكى « بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومۇتېتى » نىڭ مەركىزى بىناسى ئالدىدا )

## شېھىت توختى قۇربانىنى ئەسلەيمەن

( بېشى 5 بەتتە)

سىياسىتىگە جېنىنى ساتقان بۇ غالچىلاردىن ئۆگۈنۈشكە چاقىردى. خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ بازارغا سېلىۋاتقان ئىسمى يېڭى، جىسمى كونا بولغان بۇ ئەبجەق ماللىرىنىڭ ئاتالمىش لېي فىڭ، ۋاڭ جېي، جياۋيۈيلۇ دېگەنگە ئوخشاش خىتاينىڭ مۇستەملىكىچى ئەرۋاھلىرىدىن نىمە پەرقى؟ بۇ قېتىمقى « ئۆگىنىش » ھەرىكىتىنىڭ تۈپ مەقسىدى يەنىلا بىز ئۇيغۇرلارنى ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدىنىيىتىمىزدىن، ئالىجاناپ مىللىي روھىمىزدىن ئاجرىتىپ تاشلاپ، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە سادىق قۇل ۋە مەڭگۈلۈك ئەسىر قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بىز مۇنداق قىلتاقلارغا تالاي قېتىملاپ دەسسەپ، ئۆز ئانا يۇرتىمىزدا نەپرەتلىك قۇللارغا ئايلاندۇق! ئۇنداق نىملەرنى ئۆگەنگەنسىرى، دۈشمىنىمىزنى سەمرىتىپ، ئۆزىمىزنى نەس بېسىپ، يوقۇلۇش ئالدىدىكى ئەبگالارغا ئايلاندۇق. بەس، يېتەر! بىزئۈچۈن بالايى - ئاپەت بولغان ئۇنداق ئۆلگىللىرىنى خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۆز بېشىغا تاڭسۇن!

بىز ئۇيغۇرمىز! بىز تۈركمىز! بىز مۇسۇلمانمىز! بىزنىڭ ئۆگۈنىدىغان ئۇلۇق قۇرئانىمىز، ھەدىسلىرىمىز بار، بىزنىڭ ئۆگۈنۈش ئۆلگىللىرىمىز - شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىپ شېھىت بولغان رەھمۇتۇللا بەگ، سادىر پالۋان، نوزۇگۇم، رىزۋانگۈل، غېنى باتۇر، كاپىتان ياقۇپجان راخمانوف، مەمەتئىمىن ئىمىنوف، توختى قۇربانلارغا ئوخشاش خەلقىمىزنىڭ ھەقىقى مىللىي قەھرىمانلىرى! بىز شۇلارنى ئۆلگە قىلىشىمىز، شۇلاردىن ئۆگۈنىشىمىز كېرەك!

99 - يىلى 23 - ئاپرېل (لىۋېرپول - سىدنىي)

# ختايدا هۆكۈمەتكە قارشى نامايىشلار

## چېڭدۇ شەھرىدە

« بېيجىڭ باھارى » ژورنىلىنىڭ بۇيىل 5 - ئايلىق سانىغا بەرگەن خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇيىل 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ختاينىڭ چېڭدۇ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىدا ھۆكۈمەتكە قارشى نامايىش ئۆتكۈزگەن كۆمۈركان ئىشچىللىرى بىلەن تەرتىپ قوغداۋاتقان ساقچىلار ئوتتۇرىسىدا ئېغىر توقۇنۇش يۈز بېرىپ، 10 نەپەر ئىشچى ئېغىر يارىلانغان، بەش ئىشچى قولغا ئېلىنغان.

خەۋەرگە قارىغاندا چېڭدۇدىكى دۇجاڭ كۆمۈركېنىدا ئۆتكەن يىلى قاتتىق پارتلاش يۈزبېرىپ، 23 نەپەر ختاي ئىشچى نەق مەيداندا ئۆلگەن، بۇ سەۋەپتىن ھۆكۈمەت كۆمۈركانىنى تاقىۋەتكەن. كۆمۈركان تاقالغاندىن كېيىن، 3 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى ئىشسىز قالغان. گەرچە ھۆكۈمەت ئىشسىز قالغان ئىشچىلارغا 40 مىليون يۈەن ئەتراپىدا تۆلەم پۇلى ئاجراتقان بولسىمۇ، ئەمما ھۆكۈمەتتىكى پارىخور ئەمەلدارلار بۇ پۇلنىڭ يېرىمىغا خيانەت قىلىپ بۆلۈشۈپ يەۋالغان، بۇنىڭغا قاتتىق غەزەپلەنگەن ئىشچىلار، بۇيىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئېتىۋارەن ھەركۈنى 24 سائەت چېڭدۇ شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئالدىنى توسىۋېلىپ، ھۆكۈمەتكە قارشى نارازىلىق نامايىشى ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان.

## سۈينىڭ شە ھرىدە

يېقىندا سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ سۈينىڭ شەھرىدە، خىلى مەزگىلدىن بۇيان مائاشىنى ئالالماي قىيىن ئەھۋالدا قالغان ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ 700 دىن ئارتۇق ئىشچىسى ھۆكۈمەتكە قارشى نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزگەن. ئۇلار شەھەرنىڭ ئاساسلىق يوللىرىنى توسۇپ قامال قىلىۋېلىپ، پۈتۈن شەھەرنىڭ قاتنىشىنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان.

## ۋۇخەن شەھرىدە

**بۇيىل 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ختاينىڭ ۋۇخەن شەھرىدە مىڭدىن ئارتۇق كىشى ھۆكۈمەتكە قارشى نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزگەن.**

**نامايىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، ۋۇخەن شەھرىدە ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى بىرشىركەت پۇخرالاردىن يۇقۇرى ئۆسۈم بىلەن 500 مىليون يۈەن قەرزپۇل توپلىغان، ئەمما ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت « شىركەتنى تەرتىپكە سالىمىز » دىگەن باھانە بىلەن بۇ شىركەتنىڭ بارلىق بانكا ھېساۋىنى توڭلىتىۋەتكەچكە، قەرز ئىگىلىرى شىركەتتىكى پۇلىنى ئالالمىغان. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۇ قىلمىشىغا قاتتىق غەزەپلەنگەن مىڭدىن ئارتۇق قەرز ئىگىسى، ۋۇخەن شەھرىدىكى جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئالدىغا توپلىنىپ نامايىش قىلغان ھەمدە ئۇيەردىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا يۈرۈش قىلىپ بارغان.**

## چاڭچۈن شەھرىدە

يېقىنداچاڭچۈن شەھرىنىڭ چاۋياڭ رايونىدا 400 دىن ئارتۇق شەھەر ئاھالىسى، شەھەرلىك ئېلىكتىر ۋە سۇ ئىشلىرى ئىدارىللىرىنىڭ سەۋەپسىزلا بۇ ئاھالىلەرنىڭ توك ۋە سۈيىنى كېسىۋەتكەنلىكىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ نامايىش قىلغان. نامايىشچىلار شەھەر مەركىزىدىكى بىر ئاساسلىق كوۋرۈكنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، شەھەر قاتنىشىنى بىرمەھەل ئۈزۈپ قويغان.

## شىئەندە

بۇيىل 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى شىئەن شەھرىدە بىر زاۋۇتتىن ھەيدەلگەن 400 نەپەر ئىشچى ھۆكۈمەتكە قارشى نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈپ، ھۆكۈمەتتىن ئۇزلىرىنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ ئىشچىلار شەھەردىكى بىر تۆت كوچىنىڭ ئېغىزىنى قامال قىلىپ توسىۋالغاشقا، نەچچە مىڭ ماشىنا يوللاردا قاپسىلىپ قالغان.

# شاڭگاڭ ھۆكۈمىتى چەتئەلدىكى ختاي دېموكراتلىرىنىڭ شاڭگاڭغا كىرىشىنى رەت قىلدى

شاڭگاڭدا چىقىدىغان « شىڭداۋ » گېزىتىنىڭ بۇيىل 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىكى سانىغا بېرىلگەن خەۋەرنىڭ مەزمونىغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىدا تۇرۇۋاتقان ختايدىكى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى ۋاڭ دەن، « ختاي دېموكراتىك ھەرىكىتى تاشقى ئالاقىلىشىش جەمىيتى » نىڭ رەئىسى ۋېي جىڭشىڭ قاتارلىق مەشھۇر ختاي دېموكراتىك زاتلىرىنى ئىۈز ئىچىگە ئالغان 11 نەپەر كىشى يېقىندا، شاڭگاڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان تيەنئەنمېن ۋەقەسىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن شاڭگاڭغا كەلمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما كوممۇنىستىك ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىمىدىن قورققان شاڭگاڭ ھۆكۈمىتى ئۇلارغا ۋىزا بېرىشنى رەت قىلغان.

شاڭگاڭ ھۆكۈمىتى بۇنىڭدىن بىر - ئىككى ھەپتە بۇرۇنمۇ ختاينىڭ مەشھۇر دېموكراتىك زاتلىرىدىن يەنجياچى، ۋېيجىڭشىڭ، ۋاڭدەن قاتارلىقلارنىڭ شاڭگاڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان « ختاينىڭ دېموكراتىيىگە يۈزلىنىشى » دىگەن تېمىدىكى خەلقئارالىق ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىششىنى رەت قىلغان ئىدى.

## ختايدا 100 مىڭ دىۋانە بار

« شىڭداۋ » گېزىتىنىڭ بۇيىل 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىكى سانىدا خەۋەر قىلىنىشىچە، ھازىر ختايدا 100 مىڭدىن ئارتۇق دىۋانە بار بولۇپ، بۇلارنىڭ 25 - 30 پىرسەنتىگە يېقىنراقى يالغان دىۋانە ئىكەن. گېزىتنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇكىشىلەرنىڭ دىۋانىلىق قىلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى يوقسۇللۇقتىن ئىبارەت بولۇپ، مەلۇم بىرقىسمى بولسا دىۋانىلىقنى پۇل تېپىپ باي بولۇشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالغانمىش.

ئەمما يەنە باشقا خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، ھازىر ختايدىكى دىۋانىلەرنىڭ ئومومى سانى بىرمىليون ئەتراپىدا دەپ مۆلچەرلەنمەكتە.

# شاڭگاڭدىكى مەشھۇر « شىڭداۋ » گېزىتى كوممۇنىست ختاي ھاكىمىيىتىگە سېتىلىپ كەتتى

ئۆزخەۋىرىمىز: ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان شاڭگاڭدا نەشر قىلىنىۋاتقان ختايچە « شىڭداۋ » گېزىتى، تاكى شاڭگاڭ كوممۇنىست ختاي ھاكىمىيىتىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەنگە قەدەر تاشقى دۇنيادا ختايلار ئەڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان ۋە ناھايىتى كۈچلۈك دېموكراتىك ئېقىمغا ئىگە ئەڭ چوڭ كۈنلۈك گېزىت ئىدى. بۇ گېزىت ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كوممۇنىست ختاي ھاكىمىيىتىنى ئىزچىل تۈردە قاتتىق ئەيىبلەپ كەلگەن ئىدى. شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستان خەلقلىرىنىڭ ئۆزتەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقوقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ختاي ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرەشلىرىگە دائىر خەۋەر - ئۇچۇرلارنى بەزىدە بىتەرەپ ھالدا، بەزىدە بولسا بىزگە سەل - پەل ھېسداشلىق قىلغان تەلەپپۇزدا تولۇق خەۋەر قىلاتتى. مەسىلەن بۇگېزىت شەرقىي تۈركىستاندا يۈزبەرگەن « بارىن ۋەقەسى »، « خوتەن ۋەقەسى » ۋە « غولجا ۋەقەسى » قاتارلىق ئاساسلىق مىللى ھەرىكەتلەرنى ئەڭ موھىم خەۋەر سۈپىتىدە ناھايىتى تەپسىلى ھالدا خەۋەر قىلغان ئىدى. چەتئەلدىكى خەلقئارالىق تەشكىلاتلار ۋە شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى بۇ گېزىتنىڭ خەۋەرلىرىدىن موھىم مەنبە سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كەلگەن ئىدى. ئەپسۇسكى شاڭگاڭ ئەنگلىيە تەرىپىدىن كوممۇنىست ختاي ھاكىمىيىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، بۇگېزىت بىردىنلا ئەسلىدىكى تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىپ، بىركېچىدىلا كوممۇنىست ختايلارنىڭ دۇمبىقىنى چالىدىغان، ختاينىڭ « خەلق گېزىتى » دىن ھېچبىر پەرقى بولمىغان چاكىنا بىر گېزىتكە ئايلىنىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇگېزىت شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ئاساسەن خەۋەر بەرمەيدىغان بولىۋالدى. شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ئاندا - ساندا بەرگەن خەۋەرلىرىدىمۇ كوممۇنىست ختاي ھاكىمىيىتىنىڭ مەنپەئەتى چىقىش ئۇختىسى قىلىندى. بۇ سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ھازىر تەيۋەنلىكلەر ۋە چەتئەللەردىكى ختايلار « شىڭداۋ » گېزىتىنى ئاساسى جەھەتتىن ئوقۇمايدىغان بولدى. بۇگېزىتنىڭ ئەسلىدىكى ئورنىنى ئۈۋەتتە ياۋروپادا چىقىۋاتقان ختايچە « ياۋروپا گېزىتى »، « ختاي سودىگەرلىرى گېزىتى » ۋە ئامېرىكىدىكى « دۇنيا گېزىتى » قاتارلىق گېزىتلەر تولدۇرۇشقا تىرىشماقتا.

# ناتو ئارمىيىسى كوسوۋاغا قۇرۇقلۇقتىن ھۇجۇم قىلىشقا ھازىرلانماقتا




ئۆز خەۋىرىمىز: ناتونىڭ ھەربى مەسلىھەتچىللىرى كوسوۋاغا قۇرۇقلۇقتىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىشنىڭ بارلىق پىلانلىرىنى ھازىرلاپ بولدى. ئەگەر ناتو قوماندانلىق شتاۋى بۇيرۇق چۈشۈرگەن ھامان ھۇجۇم قىلىشنى باشلايدۇ. ناتونىڭ ھەرىكەت پىلانىغا قارىغاندا، قۇرۇقلۇقتىن ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق يولى - ماكىدونىيە ئارقىلىق يۈرۈش قىلىشتىن ئىبارەت. ھازىر ماكىدونىيەدە 5 مىڭ نەپەر ئەنگلىيە ئەسكىرى ۋە 12 مىڭ نەپەر ناتو ئەسكىرى مەۋجۇت بولۇپ، ماكىدونىيە بىلەن يۈگوسلاۋىيىنىڭ چېگرىسى تاغلىق رايون بولغاچقا، يېشىرۇن ھۇجۇم قىلىشقا ناھايىتى قولاي. ئەمما ماكىدونىيە ھۆكۈمىتى ناتونىڭ ماكىدونىيە ئارقىلىق قۇرۇقلۇق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشىغا قارشى. ئەمما ناتو ماكىدونىيەگە بىرمىليارت دوللارلىق ئىقتىسادى ياردەم بېرىشنى ۋە ماكىدونىيەنى ياۋروپا بىرلىكىگە ئېلىشنى ۋەدە قىلىپ ئۇلارنى قايىل قىلىشقا تىرىشماقتا. ھەربى مۇتەخەسىسلەر ناتونىڭ قۇرۇقلۇق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن 3 ئايغا يېقىن تەييارلىق قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

باشقا خەۋەرلەرگە قارىغاندا ناتو ئارمىيىسى پەقەت ماكىدونىيە ئارقىلىلا ئەمەس، بەلكى 4 يۆلۈنۈشتىن ھۇجۇم قىلىشنىڭ پىلانىنى تۈزگەن.

بىرنەچچە كۈن بۇرۇن ئامېرىكىنىڭ ھەربى باش مەسلىھەتچىسى شېلتون، ناتونىڭ قۇرۇقلۇق ھەرىكىتى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: « سىرپلار ناتونىڭ قۇرۇقلۇق ھۇجۇمنى توسۇش ئۈچۈن چېگرىغا پۈتۈنلەي مىنا ئورۇنلاشتۇردى، ئەمما ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە ئۇلار بىزنىڭ قەيەردىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىشىمىزنى تۇيماي قالىدۇ ».

يەنەبىر تەرەپتىن ئامېرىكىنىڭ يېقىندىن ئۆتكەن 7 مىڭ نەپەر ئەسكىرى ماكىدونىيەگە ئورۇنلىشىشقا باشلىدى. ناتو قوماندانلىق شتاۋى، سىرپلارنىڭ ئەسكىرى كۈچىنى بەكلا مۇبالىغىلەشتۈرۈۋەتمەسلىك كېرەكلىكىنى، سىرپلارنىڭ ھازىر پەقەتلا ئۆزلىرىنىڭ تانكا ۋە 3 مىڭغا يېقىن زىنىت توپىغا ئىشەنچ قىلالايدىغانلىقىنى، ئەمما ناتونىڭ تانكىلىرى ئالدىدا ئۇلارنىڭ تانكىلىرىنىڭ خۇددى ئويۇنچۇق تانكىلارغا ئوخشاپ قالىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

## مىلوسېۋىچ، « ئەگەر ناتو قۇرۇقلۇقتىن ھۇجۇم قىلسا، ئۇرۇشنى پۈتۈن بالقانلارغا كېڭەيتىمەن » دەپ تەھدىت سالدى



ئۆزخەۋىرىمىز: يۈگوسلاۋىيىنىڭ پرېزىدېنتى سلوبان مىلوسېۋىچ يېقىندا روسىيەنىڭ « كراسنايا زۋېزدا » گېزىتىنىڭ مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، ناتونىڭ قۇرۇقلۇق ھەرىكىتى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: « ناتونىڭ قۇرۇقلۇق ھەرىكىتى ئۈچۈن تۇپراقلىرىنى پايدىلىنىشقا بەرگەن خوشنا ئەللەر ئاپتوماتىك ھالدا بىزبىلەن ئۇرۇشقا قاتناشقان بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. بىزتېخى يېقىلغىنىمىز يوق، ئەگەر ئامېرىكىلىق، ئەنگلىيەلىك، گېرمانىيىلىك تاجاۋۇزچىلار تۇپراقلىرىمىزغا قەدەم باسسا، ئۇلارغا ھەرخىل شەكىلدە تېگىشلىك تاقابىل تۇرىمىز، بىزگە قارشى تۇرغانلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئايرىماي، ھەممىسىنى تۇرغان يېرى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىمىز ».

مىلوسېۋىچ رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ياردەم قىلىشىنى كۈتىۋاتقانلىقىنى، ئەگەر ئۇلاردىن ياردەم كەلمىگەن تەقدىردىمۇ ناتوغا تاقابىل تۇرالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

## ناتو ھەربى ھەرىكىتىنىڭ بىرئايلىق ئومومى ئىقتىسادى چىقىمى

ئۆز خەۋىرىمىز: فىرانسىيەنىڭ « لى فىگارو » گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان بىر تەكشۈرۈش دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، بىرئايدىن بۇيان يۈگوسلاۋىيىگە قارىتا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ناتو ھەربى ھەرىكىتىنىڭ ئومومى ئىقتىسادى چىقىمى 3 مىليارت دوللارغا يەتكەن. بۇ چىقىملارنىڭ 67 پىرسەنتىنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۆز ئۈستىگە ئالغاچقا، ئامېرىكا پارلامېنت ئەزالىرى بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرگەن ھەمدە « ياۋروپالىقلارمۇ ئۇرۇشنىڭ چىقىمىنى تەڭ ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك » دېگەن. ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرلىكى يېقىندا مەخسۇس كوسوۋا ھەرىكىتىگە سەرىپ قىلىش ئۈچۈن ئامېرىكا پارلامېنتىدىن يەنە 5 مىليارت دوللار تەلەپ قىلدى.

ئىقتىسادى مۇتەخەسىسلەر، كوسوۋالىق ئۇرۇش مۇساپىرلىرىنىڭ قايتىدىن يۇرتلىرىغا ئورۇنلىشىشى ئۈچۈن 15 مىليارت دوللار سەرىپ قىلىنىدىغانلىقىنى ھەمدە ناتونىڭ ھەربى ھەرىكىتىنىڭ بۇ رايونغا كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيىنىنىڭ ئورنىنى تولۇقلاش ئۈچۈن يەنە 25 مىليارت دوللار كېتىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىمەكتە.

ياۋروپا بىرلىكى يېقىندا كوسوۋالىق ئۇرۇش مۇساپىرلىرى ئۈچۈن 150 مىليون ئېۋرو، ئالبانىيە ۋە قاراتاغ ئۈچۈن 100 مىليون ئېۋرو ياردەم پۇلى ئاجراتتى.

## روسىيەدىن ناتوغا ئاتوم تەھدىدى



ئۆز خەۋىرىمىز: ناتو يۈگوسلاۋىيىگە قارشى قۇرۇقلۇق ھۇجۇمىغا ھازىرلىنىۋاتقان بىر پەيىتتە، روسىيە ناتوغا ئەزا دۆلەتلەرگە يەنە بىرقېتىم تەھدىت سالدى.

روسىيە دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرى ئىگور سېرگېيېۋ بىرقانچە كۈن بۇرۇن بېلوروسىيەدىكى بىر ھەربى ئاكادېمىيەدە سۆزقىلىپ، ناتونىڭ قۇرۇقلۇق ھۇجۇمى ئارقىلىق ياۋروپادىكى ھەربى تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن روسىيەنىڭ يادرو قوراللىرىنى ناتوغا قارشى ئەڭ يۇقىرى تەييارلىق ھالىتىدە تۇتىدىغانلىقىنى ۋە روسىيە قىسىملىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

جانابى ئاللاھ مەدەتكارىمىز بولغاي!

گېزىتنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ساھىبى:
ئابدۇلجېلىل قارقاش
گېزىت مەسئۇلى ۋە باش تەھرىر:
پەرھات مۇھەممەدى
تەھرىر ۋە مونتاژ:
ئۆمەرجان شاھيارى

تەھرىرلەر:
پەرىدە نىياز
ئايگۈل ئەسەتكىچىك
كورىكتور:
ئۈچقۇن قەشقىرى

گېزىتىمىزگە بېسىلغان ماقالىلارنىڭ مەزمۇنىسى ئاپتورلىرىمىزغا ئائىتتۇر. گېزىتىمىزغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ. ۋەتەن ھەققىدىكى مۇھىم ئاخباراتلارغا مۇۋاپىق ھەق بېرىلىدۇ.

E T I C
Lindwurmstr. 99
80337 Munchen Germany
E Mail:etic@ uygur.com
Internet:www.uygur.com
Tel:0049/89/543 88 99
Fax:0049/89/54 45 63 30

گېزىتنى بېسىپ تارقاتقۇچى:
« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى »
نەشرىيات مۇدىرى
ئابدۇلجېلىل تۇران

هەپتىلىك سىياسىي - ئىلمىي گېزىت
گېزىتىمىز 1999 - يىلى
3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئېتىبارەن
نەشىر قىلىنماقتا

1999 - يىلى 5 - ئاي
8 - سان
گېرمانىيەدە نەشىر قىلىندى
Eastern Turkistan
Information Center

« ئۇچقۇندىن يالقۇن چىقىدۇ »(ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرىدىن)

# ئۇچقۇن

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشىر قىلدى

## « دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى » نىڭ جەنۋەدىكى ۋەكىلى « دۇنيا ئىنسان هەقلىرى يىللىق يىغىنى » دا « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » گە ۋاكالىتەن سۆز قىلدى

ئۇزمۇخبىرىمىزنىڭ جەنۋەدىن بەرگەن خەۋىرى: بۇيىل 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنىگىچە شۋېتسارىيىنىڭ جەنۋە شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن « بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان هەقلىرى كومىتېتىنىڭ 55 - قېتىملىق ئومومى يىغىنى » هارىپىسىدا، « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى ئەسقەرجان ، مەركىزى گېرمانىيەدىكى « دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى » نىڭ مەسئۇللىرى بىلەن ئالدىن ئالاقىلىشىپ، ئۇلاردىن بۇ قېتىم جەنۋەدە ئۆتكۈزۈلىدىغان دۇنيا ئىنسان هەقلىرى يىغىنىدا « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » گە ئۇيغۇرلار مەسىلىسى هەققىدە سۆزقىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. خېلى مەزگىللەردىن بۇيان « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » بىلەن يېقىن هەمكارلىق مۇناسىۋىتى قۇرۇپ كەلگەن بۇتەشكىلات ، ئەسقەرجاننىڭ يۇقارقى تەلىۋىنى مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلدى هەمدە بۇتەشكىلاتنىڭ « بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان هەقلىرى كومىتېتى » دا دائىمى تۇرۇشلۇق ۋەكىلى ئارقىلىق بۇقېتىمقى دۇنيا ئىنسان هەقلىرى يىغىنىدا « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » گە ۋاكالىتەن ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇجەرياندا « دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى » ، ئەسقەرجان تەمىنلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ شەرقىي تۈركىستان هەققىدە قىسقىچە دوكلات هازىرلاپ، بۇدوكلاتنى « دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى » نىڭ « بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان هەقلىرى كومىتېتى » دا دائىمى تۇرۇشلۇق ۋەكىلى كىرىستىيان بىلبىير ئەپەندىگە يوللاپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن كىرىستىيان ئەپەندى 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى « بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان هەقلىرى كومىتېتى » نىڭ 55 - قېتىملىق ئومومى يىغىنىدا « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » گە ۋاكالىتەن شەرقىي تۈركىستان هەققىدىكى يۇقارقى دوكلاتنى ئوقۇپ ئۆتتى.

( داۋامى 2 - بەتتە )

## شەرقىي تۈركىستان ۋەكىلى كېرەم شېرىپ دۇنيا ئىنسان هەقلىرى كومىتېتى يىغىنىدا سۆز قىلدى




ئۆز مۇخبىرىمىزنىڭ جەنۋەدىن بەرگەن خەۋىرى : « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ شۋېتسارىيىدە دائىمى تۇرۇشلۇق ۋەكىلى كېرەم شېرىپ، بۇيىل 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنىگىچە شۋېتسارىيىنىڭ جەنۋە شەھرىدە چاقىرىلغان « بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان هەقلىرى كومىتېتى » نىڭ 55 - قېتىملىق ئومومى يىغىنىغا بىۋاستە قاتناشتى هەمدە بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىكى « ئۆلۈم جازاسىغا قارشى تۇرۇش گۇرۇپپىسى » نىڭ يىغىنىدا، « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى »، « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » ۋە « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » گە ۋاكالىتەن سۆزقىلىپ، كوممۇنىست خىتاي هاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى پاش قىلدى.

( داۋامى 4 - بەتتە )

## « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » نىڭ رەھبەرلىرى قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاننى زىيارەت قىلدى







ئۆزمۇخبىرىمىز ئا. تەۋپىقنىڭ قازاقىستاندىن بەرگەن خەۋىرى: بۇيىل 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى مەركىزى ئىستانبۇلدىكى « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » نىڭ رەئىسى گېنېرال مۇھەممەت رىزابېكىن، مۇئاۋىن رەئىسى سېيت تارانچى ۋە مىللىي مەركەز قارمىقىدىكى « ۋەتەن فوندى » نىڭ رەئىسى تۇرسۇن تارانچى قاتارلىقلار قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھرىگە يېتىپ كېلىپ، قازاقىستاندا پائالىيەت قىلىۋاتقان هەرقايسى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە بىرقىسىم مەشهۇر جامائەت ئەربابلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

( داۋامى 6 - بەتتە )

مەشهۇر دېموكراتىك زات ۋۇخوكىدا مۇنداق دىدى :

## خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان قىرغىنچىلىقى - كوممۇنىستىك هاكىمىيىتىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ئاخىرقى جان تالىشىشىدىن ئىبارەت

ئۆز مۇخبىرىمىزنىڭ جەنۋەدىن بەرگەن خەۋىرى : 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، شۋېتسارىيىنىڭ جەنۋە شەھرىدە « بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان هەقلىرى كومىتېتى » نىڭ 55 - قېتىملىق ئومومى يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ئامېرىكىلىق مەشهۇر خىتاي دېموكراتىك زاتى ۋۇخوكىدا ئەپەندى يىغىن زالىنىڭ ئالدىدا « ئۇچقۇن » گېزىتىنىڭ مەسئۇلى پەرهات مۇھەممىدى ۋە تەھرىرى ئومەرجان شاھيارلارنىڭ مەخسۇس زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى.

( داۋامى 3 - بەتتە )

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشىر قىلدى

مەشھۇر دېموكراتىك زات ۋۇخوگدا مۇنداق دېدى :

## « خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان قىرغىنچىلىقى - كوممۇنىستىك ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ئاخىرقى جان تالىشىشىدىن ئىبارەت »

( بېشى 1 - بەتتە )

ۋۇخوگدا ئەپەندى پەرھات مۇھەممەدىنىڭ، « نۆۋەتتە كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارغا قارىتا قىرىپ يوقۇتۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزىۋاتىدۇ، سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟ » دېگەن سوئالىغا جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېدى : « جۇڭگودىكى كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان قىرغىنچىلىق سىياسىتى، ئۇلارنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ئاخىرقى جان تالىشىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، شۇنداقلا بۇ، كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقانلىقىنىڭ بېشارىتى. مېنىڭچە بىر مىللەتنىڭ ئىرادىسىنى قورال كۈچى ياكى زورلۇق - زومبۇلۇق بىلەن بوي سۇندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، بۇ خىل ئۇسۇل پەقەتلا فاشىزىمغا خاستۇر. نۆۋەتتىكى جۇڭگو ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا بۇنچىۋالا ئەسەبىلىشىپ كېتىشىدىكى ئاساسى سەۋەپ، بۇ تۇپراقنىڭ قولدىن كېتىدىغانلىق خەترىنى ھەقىقى ھالدا ھېس قىلىپ يەتكەنلىكىدىن ئىبارەتتۇر. ئەمما كوممۇنىستلار شۇنى ياخشى بىلىشى كېرەككى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەقدىرى تامامەن بۇ تۇپراقنىڭ ھەقىقى ئىگىلىرى بولغان يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئىرادىسىگە ۋە ئىستەكلىرىگە باغلىق. شۇڭا ئۇلار بۇ خىل قىرغىنچىلىق سىياسىتىگە خاتىمە بېرىپ، يەرلىك خەلقنىڭ دەردىگە ۋە ئارزۇ - ئىستەكلىرىگە قۇلاق سېلىشى كېرەك. ئەمما كوممۇنىست ھاكىمىيەتتىن خەيرلىك كۈتۈش تولىمۇ ساددىلىق ۋە ھەتتا ئاھماقلىق. شۇڭا مېنىڭچە يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنىڭ بىردىن - بىريولى - كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت ».




ۋۇخوگدا ئەپەندى پەرھات مۇھەممەدىنىڭ ، « سىز نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان قوراللىق كۈرەشلىرىگە قانداق قارايسىز ؟ » دېگەن سوئالىغا قىسقىچە جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېدى : « ئەلۋەتتىكى مەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى ئومومى باياننامىسىدا كۆرسىتىلگەن ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ۋە ئىنسانچە ياشاش ھەق - ھوقوقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەرقانداق شەكىلدىكى مىللى كۈرەشلىرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيمەن. مەن بەزىلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى « تېررورىستىك ھەرىكەت » دەپ قارىشىغا ۋە شۇنداق دەپ باھا بېرىشىغا قەتئى قوشۇلمايمەن. چۈنكى كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتنىڭ قىرغىنچىلىق ۋە فاشىستىك سىياسىتى يەرلىك خەلقنى قولىغا قورال ئېلىپ ئۆزلىرىنى ھەققانى شەكىلدە مۇداپىيەلىنىشقا مەجبۇر قىلدى، تېررورىست دېيىشكە توغرا كەلسە، ئەلۋەتتە كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتنى دېيىش كېرەك. مەن بىر ئىنسان ھەقلىرىنى قوغدىغۇچى دېموكرات بولۇش سۈپىتىم بىلەن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كۈرەشلىرىگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن! ».

كۆپچىلىككە مەلۇم بولسا كېرەك، ئامېرىكىدا ھېرىئۇ دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان ۋۇخوگدا ئەپەندى 1996 - يىلى 7 - ئايدا ئامېرىكىدا شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرى بىلەن بىرسەپتە تۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى جاللات قوشۇن « بىڭتۈەن » نى پاش قىلغان ۋە بۇ سەۋەپتىن دۇنيا بانكىسى « بىڭتۈەن » گە قەرىز پۇل بېرىشنى توختۇتۇپ قويغان ئىدى. شۇندىن كېيىن ۋۇخوگدا ئەپەندى كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ۋە ھەتتا چەتئەلدە ياشاۋاتقان كوممۇنىستپەرەست خىتايلار تەرىپىدىن « ۋەتەن خائىنى » دەپ ئېلان قىلىنغان ئىدى. ۋۇخوگدا ئەپەندى خىتايدا 20 يىلدىن ئارتۇق تۈرمىدە ياتقان ۋە كېيىن ئامېرىكىغا چىقىپ كەتكەن. 90 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۇ ئامېرىكا گەرەزدانلىقى سالاھىيىتى بىلەن خىتايغا بارغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنى « ئامېرىكىنىڭ ئىشپىيونى » دېگەن بۆھتان بىلەن قولغا ئالغان ۋە ئامېرىكىنىڭ قاتتىق نارازىلىقى تۈپەيلىدىن ئۇنى بىرقانچە ئاي سولاپ قويۇپ بەرگەن ۋە خىتايغا كېلىشىنى چەكلىۋەتكەن ئىدى.

چەتئەل مەتبۇئاتلىرىدا شەرقىي تۈركىستان:

## « بۆلگۈنچى » لەر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق قىين - قىستاقلىرىغا دۇچار بولماقتا

مىخائىل لارس

( « ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى » 21 - ئاپرېل خەۋىرى، بېيجىڭ):

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ 20 - ئاپرېلدىكى دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، خىتاينىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ھۆكۈمەت شۇ رايوندىكى يەرلىك ئۇيغۇرلارنى «بۆلگۈنچىلىك » ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى، دېگەن باھانە بىلەن تۈركۈم - تۈركۈملەپ تۇتقۇن قىلىپ، ئېغىر قىين - قىستاق ئاستىغا ئالماقتا ۋە ئۆلتۈرمەكتە.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ بۇرۇنقى سىياسىي جىنايەتچىلەر بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەتكە ئاساسلانغاندا، تۇتقۇن قىلىنغان ئۇيغۇرلارغا ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىيناش ئۇسۇللىرىنى ۋە جىسمانى ناجاۋۇزچىلىق قىيناش چارىلىرىنى قوللانماقتا. بۇنىڭ ئىچىدە ئادەمنى چۈچىتىدىغىنى سىياسىي جىنايەتچىلەرگە قارىتا ھەتتا جىنسىي ئەزالىرىنى نابۇت قىلىشتەك ئۇسۇللارنى قوللاغان.

بەزى مەخپى ئورگانلارنىڭ ئىگەللىگەن خەۋەرلىرىگە قارىغاندا 1997 - يىلى فېۋرالدىكى نامايىشتا قولغا ئېلىنغان سىياسى مەھبۇسلارنى قاتتىق سوغۇقتا سائەتلەپ يالاڭ تۇرغۇزۇش، قاردا ياتقۇزۇشقا ئوخشاش جازالاش ئۇسۇللىرىنى قوللانغان.

لوندۇندىكى ئىنسان ھەق - ھوقوقلىرى گۇرۇپپىسى ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈپ ئىگەللىگەن ئەھۋالىغا ئاساسەن تەييارلىغان دوكلاتىنى، « شىنجاڭدا ئىنسان ھەق - ھوقوقلىرى ئېغىر دەپسەندە قىلىنماقتا » دېگەن تېمىدا جەنۋەدىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومىسسىيەسىگە سۇنغان. مەزكۇر كومىسسىيەگە ئامېرىكىمۇ خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى توغرىسىدا مۇزاكىرە دوكلاتىنى سۇنغان ئىدى.

شىنجاڭ ئۆلكىسى خىتايدىكى ئەڭ تېنچسىز رايون ھېساپلانماقتا. بۇ رايوندىكى يەرلىك خەلق تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ئۇيغۇر، قازاقلاردىن ئىبارەت. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ رايوننى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن مىليونلىغان خىتايلارنى بۇ رايونغا مەجبۇرى يەرلەشتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن مۇشۇ رايوندىكى مۇستەقىللىق ۋە دىنى ھەركەتلەرنى قانلىق باستۇرۇشنى ئېلىپ بارماقتا.

«تېررورىست » لار « شەرقىي تۈركىستان » نى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مەزكۇر ئۆلكىدە ھەتتا يىراقتىكى بېيجىڭدىمۇ بومبىلارنى پارتلىتىپ بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ ئۆلۈمىگە ۋە ياردار بولۇشىغا سەۋەپ بولغان. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا ئافغانىستاندىكى تالىبانلار شىنجاڭدىكى «تېررورىست» لارنى تەربىيىلەپ بېرىۋاتقان ئىكەن.

شىجاڭدىكى ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ سېكرىتارى ۋاڭ لېچۈەننىڭ مارت ئېيىدا بەرگەن دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن: « چەتئەلدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرى ۋە كۈچى، بۇ رايوندىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۆلگۈنچىلەرگە تەسىر كۆرسەتمەكتە ۋە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەپچى بولماقتا ».

بېيجىڭ ھۆكۈمىتى بولسا بۆلگۈنچى ھەركەتلەرگە قارىتا قاتتىق باستۇرۇش، كەڭ - كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىشنى ئېلىپ بارماقتا.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ 20 - ئاپرېلدىكى خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى نۇرغۇن «تېررورلىق» ھەركەتلەگە قاتناشمىغان بىگۇناھ ئادەملەرنىمۇ تۇتقۇن قىلىپ ۋە ئېغىر جازالاش ئۇسۇللىرىنى قوللۇنۇپ، ئىنسان ھەق - ھوقۇقلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلماقتا.

شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى نەشر قىلدى

# شەرقىي تۈركىستان ۋەكىلى كېرەم شېرىپ دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كومۇتېتى يىغىنىدا سۆز قىلدى

( بېشى 1 - بەتتە )

كېرەم شېرىپنىڭ بۇقېتىمقى ئۇمۇمى يىغىندا، يىغىن قاتناشقۇچىللىرىغا مەخسۇس بەلگىلەپ بېرىلگەن بەش مىنۇتلۇق سۆزلەش ھەققىدىن پايدىلىنىپ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە قىلغان نۇتقىنىڭ ئەينەن تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

« ھۆرمەتلىك خانىملار، ھۆرمەتلىك ئەپەندىلەر،

بۈگۈن مەن « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى »، « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » ۋە « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » گە ۋاكالىتەن يىغىنغا قاتناشقان ھەرقايسى دۆۋلەت ۋەكىللىرىگە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا (خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى » دەپ ئاتالغان) ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىنسان ھەق - ھوقۇقلىرىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە قىسقىچە دوكلات بېرىپ ئۆتىمەن.

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆۋلەتلىرى مۇستەقىللىق ئېلان قىلغاندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى بۈنىڭ بىز ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىشىدىن ۋە خەلقىمىزنىڭ مۇستەقىللىققا بولغان ئىنتىلىشلىرىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىدىن قورقۇپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە نىسبەتەن ئىنتايىن ئېغىر ۋە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشى سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ كەلمەكتە.

پەقەتلا بىز *1990*- يىلدىن بۇيانقى ئەھۋالالارنى ئېلىپ ئېيتساق، 90 - يىلدىن بۇيان نەچچە مىڭلىغان ئۇيغۇرلار سەۋەپسىز ۋە ھېچقانداق دەلىل - ئىسپاتسىزلا تۇتقۇن قىلىنىپ تۈرمىلەرگە قامالدى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كۆپچىلىگى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۆلتۈرۈلدى.

مەسىلەن: « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئېلان قىلغان خەۋەرلىرىگە ئاساسلانغاندا، 1990 - يىلى 1 - ئايدىن 1999 - يىلى 1 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا، شەرقىي تۈركىستاندا خەلقىمىز كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتكە قارشى جەمئى 150 قېتىمدەك ھەر خىل مىللى ھەرىكەت ئېلىپ باردى. ئەمما مۇشۇ ھەرىكەتلەردىن كېيىن، ئۇنىڭغا قاتناشقان 7000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلدى. ( خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى» دىگەن باھانە بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلەر بۇ ساننىڭ نىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ )

خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن بۇ 7000 ئادەمنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ساقچىلار تەرىپىدىن نامايىش جەريانىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن بولسا، بەزىلىرى تۈرمىلەردىكى قاتتىق جىسمانىي قىيىن - قىستاق، كېسەل ۋە ياكى ئېغىر مەجبۇرى ئەمگەك نەتىجىسىدە ئۆلتۈرۈلگەن. خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن يۇقارقى كىشىلەرنىڭ پەقەت 10 پىرسەنتىلا مەھكىمە تەرىپىدىن «جىنايىتى بار» دەپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان. ئۇلار پەقەتلا تېنىچ ھالدا نامايىشلارنى تەشكىللىگەنلىكى ۋە نورمال دىنى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان.

خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملەرنىڭ ھېچبىرىنىڭ «جىنايىتى » ئىسپاتلانمىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئۈزلىرىگە ئارتىلغان «جىنايەت » لىرىنى ئاقلىشىغا قىلچىمۇ پۇرسەت بېرىلمىگەن. خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تېنچلىق شەكلىدە ئېلىپ بارغان نامايىشلىرىغا قارىتا ئىنچىل ھالدا قاتتىق، ئىنتايىن رەھىمسىز ۋە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى قوللاندى.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خەۋەرلەرنى قاتتىق قامال قىلىشى سەۋەبىدىن، ئۇيغۇرلار توپلۇشۇپ ئولتۇراقلاشقان خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ رايۇنلىرىدا ئۆلتۈرۈلگەن نۇرغۇن ئادەملەر توغرىسىدىكى خەۋەرلەر تاشقى دۇنياغا ھېچقانداق بىلدۈرۈلمىدى.

مەسىلەن: 1997 - يىلى 5 - فېۋرالدا غۇلجا شەھرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېلىپ بارغان نامايىشى خىتاي خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ قانلىق باستۇرىشىغا ئۇچراپ، نەقمەيداندا 400 ئادەم ئۆلتۈرۈلدى ۋە بۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن ھازىرغا قەدەر جەمئى 114 ئادەم ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. 1999 - يىلى 25 - 26 - ۋە 28 - يانۋاردا غۇلجا شەھرى، قورغاس ۋە نىلقا ناھىيلىرىدە يەنە ئون ئۇيغۇر ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى، 55 نەپەر ئۇيغۇرغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ، كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىندىغانلىقى ئېلان قىلىندى.

ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان يۇقارقى كىشىلەر ھەققىدە بىز تولوق مەلۇماتقا ئىگىمىز.

ئەنگلىيەنىڭ BBC رادىيوسىنىڭ 1999 - يىلى 28 - فېۋرالدىكى خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا ، خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە 8 ئۇيغۇرغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلغان ۋە 45 ئۇيغۇرنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش تىزىملىكىگە ئالغان.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۈگۈنكىدەك دېموكراتىك بىر دەۋىردە ئېلىپ بېرىۋاتقان بۇ خىل قىرغىنچىلىق سىياسىتى ، 8 مىليون 300 مىڭ نوپۇسقا ئىگە ئۇيغۇر خەلقىنى قاتتىق غەزەپلەندۈرمەكتە. ئەپسۇسكى بۇ خىل تېرورلۇق خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنى ناھايىتى ئاز قوزغىماقتا. ھازىر شەرقىي تۈركىستان، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پەقەت ئادەم جازالايدىغان جازا مەيدانى ۋە تۈرمىسىگە ئايلاندۇرۇلدى.

ھۆرمەتلىك خانىملار، ھۆرمەتلىك ئەپەندىلەر، سىلەرنىڭ سۈكۈت قىلىپ تۇرىشىڭلار، بىز شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلىشىمىزگە سەۋەپچى بولماقتا. بىز دۇنيا جامائەتچىلىكىدىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە قاراتقان قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى توختۇتىشىغا بېسىم ئىشلىتىشىنى ، شۇنداقلا، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىككىنجى كوسۇاغا ئايلىنىپ قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىغا كۈچ چىقىرىشىنى تەلەپ قىلىمىز.

شۇڭا ھەر قايسى ۋەكىللەردىن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاينىڭ ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىقلىرىنى ئەيىپلەپ بۇقېتىمقى يىغىنغا سۇنغان قارار لاھىيەسىنى قوللىشىنى ئۈمۈت قىلىمىز. كۆپچىلىككە رەخمەت».

كېرەم شېرىپ بۇقېتىمقى يىغىنغا قاتنىشىش جەريانىدا، كۆپلىگەن دۆۋلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرىگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش ۋە ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىدە كەڭ دائىرىدە پىكىر ئالماشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

كېرەم شېرىپنىڭ بۇقېتىمقى يىغىنغا قاتنىشىش پۇرسىتىنى ، « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » ئىجرائىيە كومۇتېتىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا رىياسەتچىلىكىدىكى ياشلار قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى تۈرلۈك تەشكىلاتلار بىلەن جىددى مۇناسىۋەت قۇرۇش ۋە ئالاقىلىشىش ئارقىلىق بىۋاستە قولغا كەلتۈردى.

## خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆلۈم جازاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش لاھىيىسىگە قارشى چىقتى

ئۆز خەۋىرىمىز: ئېپرىل 4 - ئايدا جەنۋەدە چاقىرىلغان 55 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى يىغىنىدا ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومۇتېتى پۈتۈن دۇنيادا ئۆلۈم جازاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ياۋروپا بىرلىكى نامىدا گېرمانىيە تەرىپىدىن بۇ قېتىمقى يىغىنغا سۇنۇلغان ئۆلۈم جازاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەكلىپ لاھىيىسى 11 قارشى ئاۋاز ۋە 12 بىتەرەپ ئاۋازغا قارشى 30 ئاۋاز بىلەن قوبۇل قىلىندى. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ لاھىيىگە قارشى ئاۋاز بەردى ۋە ئۇنى ئىجراپ قىلمايدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

ۋەتەندىن كەلگەن خەت ۋەتەندىن كەلگەن خەت ۋەتەندىن كەلگەن خەت ۋەتەندىن كەلگەن خەت ۋەتەندىن كەلگەن خەت ۋەتەندىن كەلگەن

# بېشىمىزغا كەلگەن كۈلپەتلەر

ۋەتەندىن كەلگەن خەت ۋەتەندىن كەلگەن خەت ۋەتەندىن كەلگەن خەت ۋەتەندىن كەلگەن خەت ۋەتەندىن كەلگەن خەت ۋەتەندىن كەلگەن

(1)

1997 - يىلى شاڭگاڭنى قايتۇرۇۋېلىش هارپىسىدا، ئاقسۇ ئاۋات ناهىيىلىك هۆكۈمەت، بىرەر ئىش چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بىرمۇنچە كىشىنى «ناماز ئوقۇدۇڭ» دېگەن باهانە بىلەن پەيچۇسوغا (ساقچى ئىدارىسى) يىغىۋېلىپ، «سىلەرگە قانۇن ئۆگىتىمىز» دەپ قويۇپ بەرمىدى. ساقچىلار بۇ كىشىلەرگە مەجبۇرى هالدا توساق تام سالدۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە سالغۇزغان توساق تامنىڭ ئىچىگە سولاپ قويدى. ئۆزلىرىنىڭ نىمە سەۋەپتىن سولانغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىغان بۇ بىچارە كىشىلەر، ناماز ۋاقتى كەلگەندە نامازغا تۇرۇشتى، ئەپسۇسكى ناماز ئوقۇيدىغان يەر تولىمۇ تار ۋە كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر سىغماي، قىبلىغا سەل قىيپاش هالدا تۇرۇپ نامازئوقۇشقا مەجبۇر بولدى. دەل شۇ پەيتتە تۇيۇقسىز هۆكۈمەتنىڭ خادىمى روزى ئاۋۇت جامائەتنىڭ ئارىسىغا ئېتىلىپ كىرىپ، ئىماملىق قىلىۋاتقان كىشىنى قاتتىق تەپتى ۋە جامائەتنىڭ نامىزىنى بۇزىۋېتىپ : « ئوقۇپ قويۇش، سەنلەرنى بىز باشقۇرىمىز، جەننەتكىمۇ، دوزاقىڭمۇ ئىگىسى بىز، هوقوق بىزنىڭ قولىمىزدا، سىلەرگە جەننەت بىلەن دوزاقنىڭ يوللىرىنى بىز كۆرسىتىپ قويىمىز... » دەپ ۋاقىراپ - جاقىراپ، كىشىلەرنى ئۇرۇپ - سوقۇشقا باشلىدى ۋە ئاخىرىدا ئىمام بولغۇچىنى جامائەتنىڭ ئالدىدىلا قاتتىق قىيناپ، « سېنىڭ هۆكۈمەتتىن بەرگەن ئىماملىق كېنىشكەڭ يوق تۇرۇپ، نىمىشقا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇيسەن ؟ بۇيەر سېنىڭ ناماز ئوقۇيدىغان مەسچىدىڭ ئەمەس، بەلكى پەيسو! بۇ يەردە ئىبادەت قىلىشقا بولمايدۇ، مەن هازىر ئۆزەمنى خۇدا دىسەممۇ بولىدۇ، مەن بارلىق بەش ئىرىق خەلقىنى ئاتتۇرۇۋېتەلەيمەن، يوقۇتۇۋېتەلەيمەن، هايات قالدۇرالايمەن، سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن هېچ نەرسە كەلمەيدۇ، هوقوق بىزدە، بىزنىمگە بۇيرۇساق شۇنى قىلىشىڭلار كىرەك، سىلەر قانداق قىلساڭلارمۇ بىزگە تەڭ كېلەلمەيسىلەر، بىزنىڭ ئادەم، هەربىي كۈچىمىز ناهايىتى كۆپ، سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا نىمە بار... » دەپ چالۋاقاپ كەتتى. بۇمۇناپىق پەيچۇسودىكى يىغىنلاردا يەنە ئىسلام دىنىنى، كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىكىنى چەكلەيدىغان گەپلەرنى قىلاتتى.

(2)

97 ياكى 98 يىلىدا بولسا كېرەك (ئېنىق ۋاقتى ئېسىمدە قالماپتۇ)، ئاۋات ناهىيىسىنىڭ يېڭى ئېرىق يېزىسىدا بىر مۇسۇلمان بۇرادىرىمىزنىڭ ئايالىنىڭ تۇغۇلۇش ئالدىدىكى بالىسى هۆكۈمەتنىڭ كۆرسىتىپ بەرگەن پىلانىدىكى ساندىن ئوشۇق ئىدى. بۇ سەۋەپتىن «يېزىلىق ئاياللاربىرلەشمىسى» نىڭ مۇدىرى ساجىمخان ئۇلارنى چاقىرىپ يىغىن ئېچىپ، « پىلاندىن ئوشۇق تۇغۇشقا بولمايدۇ، بۇ بىزنىڭ قانۇنىمىزغا خىلاپ، هازىر هۆكۈمەت نىمە دىسە شۇنى قىلىشىڭلار كىرەك، نىمنى چەكلىسە شۇنى قىلماسلىقىمىز لازىم... » دەپ ۋالاقلاپ، هېلىقى هامىلە ئايالنى قوسىقىدىكى تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان بوۋىقىنى ئالدۇرۇۋېتىشكە بۇيرۇدى. بۇنىڭغا غەزەپلەنگەن هامىلە ئايالنىڭ ئېرى هېلىقى پىلانلىق تۇغۇت مۇدىرىغا، « دىنىمىزدا قوساقتىكى بالىنى ئۆلتۈرۈش هارام » دەپ جاۋاپ بېرىپ، ئايالىنىڭ قورسىقىدىكى بالىسىنى ئالدۇرۇۋېتىشكە قارشى چىقتى. ئەمما ساجىمخان ، « بالاڭنى ئالدۇرۇپ يوقۇتۇۋەتمىسەڭ زادى بولمايدۇ ! » دەپ ئۇلارنى مەجبۇرلاشقا باشلىدى هەمدە ئاللاتائاللاغا ۋە دىنىمىزغا قاتتىق هاقارەتلەرنى ياغدۇرۇپ، هېلىقى ئەر- خوتۇنلارنى رەسۋالارچە تىللاپ - قاغاپلا كەتتى. بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان هامىلىنىڭ ئېرى ئاچچىقىغا پايلىماي ئاخىرى ساجىمخانغا پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈپ قويدى هەمدى كەنتنىڭ سىرتىغا قېچىپ چىقىپ پاناهلاندى. هۆكۈمەت تەرەپ هېلىقى كىشىنىڭ خوتۇن - باللىرىنى تۇتىۋېلىپ، ئۇلارنى « ئېرىڭنىڭ ۋە داداڭنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى دەپ بېرىسەن » دەپ قىيىن - قىستاققا ئالدى، قاچقان كىشى بۇ ئەهۋالدىن خەۋەرتاپقاندىن كېيىن، بېشىمغا نىمە كەلسە شۇنى كۆرۈپ باللىرىمنى قۇتقۇزىمەن، دەپ قايتىپ كېلىپ ئۆزىنى ساقچىغا مەلۇم قىلغان. نەتىجىدە هۆكۈمەت ئۇنىڭ خوتۇن - باللىرىنى قويۇپ بېرىپ ، ئۇنى ئۆلۈم جازاسىغا هۆكۈم قىلىپ ئېتىۋەتتى.

( 3)

98 - يىلى هۆكۈمەتنىڭ ساقچىللىرى ئاقسۇنىڭ ئاۋات ناهىيە تامتوغراق يېزا 1 - داۋۇي ئۆتەڭ - چۆرىسىدە يوللارنى توسۇپ، يولوچىلارنى تەكشۈردى. بۇنداق تەكشۈرۈشلەر دائىملىق ئىش ئىدى. شۇ مەزگىللەردە ئوسمانجان قاتارلىق 7 نەپەر ياش غورا چۆل يېزىسىدىكى بېلىق ئامبىرىدىن بېلىق تۇتۇپ قايتاشىدا، هېلىقى يول توسۇۋاتقان ساقچىلار ئۇلارنى تۇتىۋېلىپ ساقچى ئىدارىسىغا ئېلىپ باردى. ساقچىلار ئۇلارغا، « هازىر بىز ئادەم تۇتالماي ئاۋارە بولۇپ تۇرساق ، سەنلەر بۇ يەرگە گۆشنىڭ رۇخسىتىسىز نىمە دەپ كىلىشتىڭ؟ هازىر كىم بىر يەرگە بارماقچى بولسا، گۆشىدىن خەت ئالمىسا بولمايدۇ... » دەپ چالۋاقاپ، هەر بىرىدىن 500 يۈەندىن جەرىمانە ئېلىپ قويۇپ بەردى. ئۇلار بۇ ئارقىلىق پۇخرالارنى يۈرەكلىك هالدا بىر يەرگە بارالمايدىغان قىلىپ قويدى. ئەگەر بىرسى بىرەر تۇققۇننى يوقلاپ بېرىپ، بىرەر ئاخشام قونۇپ قالسا، هۆكۈمەتتىن ئۇنى تۇتۇپ ئاپىرىپ قىلىدىغىنىنى قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار، 3 - 4 ئۇيغۇر بىريەرگە جەم بولسىلا هۆكۈمەتكە قارشى قوپىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئۇلار هەر بىر شاۋدۇيدىن هەر ئاخشام قىش - ياز دىمەي 3 دىن دېهقاننى نۆۋەت بويىچە شاۋدۇينى باققىلى قويىدۇ. 1 - ئايدىكى قەهرىتان سوغۇقتىمۇ كىشلەر يەنە، « ئۆيدە ياتساق تەكشۈرۈپ كەلگەن ساقچىلار ئۇقۇپ قالسا بىزدىن جەرىمانە ئېلىشتىن سىرت، پەيچۇسوغا ئاپىرىپ ئۇرۇپ - تىللايدۇ » دەپ قورقۇپ، سوغۇققا چىداپ تاشقىرىدا ئۇخلايمىز ۋە يول كۆزىتىشكە مەجبۇر بولىمىز، هۆكۈمەت تەرەپ هەر هەپتىسى بىر- ئىككى قېتىم ئۆيمۇ - ئۆي ئاختۇرۇپ، يات ئادەم بارمۇ ؟ دەپ دېهقانلارنى پاراكەندە قىلىدۇ. كۈندۈزلىرى ئېتىز ئىشلىرىدىمۇ، ئۇ ئىشنى قىلسەن، مۇنداق قىلسەن، مۇنچىلىك ۋاقىتتا تۈگىتىپ بولىسەن ، دەپ ئىشنى تۈگىتىپ بولسىمۇ يەنە ئازراقمۇ بىكار قويماي يەنە ئىشقا بۇيرىيدۇ.

ئېتىزدىن چىققان مەهسۇلاتلارنى بولسا، سۇ پۇلى، يەر پۇلى، ئۇ پۇل، بۇ پۇل دەپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇندىن ئولتۇرۇپ كېلىۋاتقان زىمىنلىرىگىمۇ هەر يىلى « زىمىن پۇلى » دىگەندەك هەر خىل سېلىقلارنى سېلىپ، ئۇلارغا جېنىنى ئاران باقىدەك نەرسىنى قالدۇرۇپ، قالغانلىرىنى بولسا پۇل شەكلىدە هۆكۈمەتكە يىغىۋالىدۇ. لىكىن ئىچكىرىدىن چىققان خىتايلارغا ئۇنداق ئىشلار يوق.

ئەگەر بىرەر خىتاي بىرەر ئۇيغۇرنى بوزەك ئەتكەن بولسا، هۆكۈمەت ئالدى - كەينىنى سۈرۈشتۈرمەي ئۇيغۇرنى ساقچى مەهكىمىسىگە ئاپىرىپ، « ئۇلار بۇ يەرگە مېهمان، ئۇلارغا ئارتۇق چېقىلما، مىللەتلەر ئىتىپاقلىقى موهىم...» دىگەندەك گەپلەر بىلەن تەنبىھ بېرىپ يولغا سالىدۇ.

مەكتەپلەردە هەر بىر سىنىپتىن بىرەردىن ئوقۇغۇچىنى پۇلغا قىزىقتۇرۇش ياكى باشقا خىل ۋاستىلەرنى قوللۇنۇش ئارقىلىق ئۆز مىللىتىمىز ئىچىدىن مۇناپىق تەربىيلەپ چىقىدۇ، ئۇنداقلارنىڭ ئاساسلىق كۆزىتىش نىشانى - ناماز ئوقۇيدىغان، ۋەتەنگە ۋە مىللەتكە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى كۆپىرەك قىلىدىغان ساۋاقداشلىرى بولىدۇ.

# « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزى » نىڭ رەھبەرلىرى قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاننى زىيارەت قىلدى

( بېشى 1 - بەتتە )

رەئىس گېنرال مۇھەممەت رىزابېكىن بۇقېتىمقى دەسلەپكى ئۇچرىشىشتا ئۇلارغا « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزى » نىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، تەشكىللى قۇرۇلمىسى، غايىسى، ۋەزىپىسى ۋە پائالىيەت پۇروگراممىسى ھەققىدە تەپسىلى ھەم ئەتراپلىق مەلۇمات بەردى، شۇنداقلا ئۇلار بىلەن مىللى مەركەز ۋە نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مىللى داۋا ھەققىدە ئەتراپلىق ۋە كەڭ دائىرىدە پىكىر ئالماشتۇردى.

4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، گېنرال مۇھەممەت رىزا بېكىن باشچىلىقىدىكى مىللى مەركەز رەھبەرلىرى، ئالمۇتا شەھرىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان مەشھۇر جامائەت ئەربابىمىز ۋە مىللى ئۇستازىمىز زىيا سەمەدىنى ئۆيىدە زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن مىللى مەركەز نامىدىن سەممىي ھال سوراش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ مىللى مۇجادىلىگە ۋە مىللى مەركەزنىڭ كەلگۈسى خىزمەتلىرىگە قارىتا قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىرلىرىنى ئالدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن مىللى مەركەز رەھبەرلىرى ئالمۇتا شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن « ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئۈنجى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى » غا قاتناشتى. ياشلار قۇرۇلتىيىدا رەئىس مۇھەممەت رىزابېكىن تەكلىپكە بىنائەن سۆز قىلىپ. نۆۋەتتە ۋەتەن سىرتىدا شەرقىي تۈركىستان ياشلار ھەرىكىتىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، مىللى مەركەز رەئىسى مۇھەممەت رىزا بېكىن. مۇئاۋىن رەئىس سىيىت تارانچى ۋە فوندا رەئىسى تۇرسۇن تارانچىلار ئالمۇتا شەھرىدىكى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستانلاردىن كەلگەن ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ھەم جەمئىيەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن ئۇچرىشىش يىغىنىغا ئىشتىراك قىلدى. گېنرال مۇھەممەت رىزا بېكىن بۇقېتىمقى ئۇچرىشىشتىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى تەشكىلات ۋە جەمئىيەتنىڭ مەسئۇللىرىغا مىللى مەركەزنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە بۇ مەركەز قارمىقىدىكى ھەرقايسى تەشكىلاتلارنىڭ سىياسى پائالىيەتلىرى ھەققىدە تەپسىلى مەلۇمات بەردى. يىغىندا يەنە مىللى مەركەزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سىيىت تارانچىمۇ سۆز قىلىپ، نۆۋەتتە ئومومى يۈزلۈك كۈچلۈك بىر مىللى بىرلىكنى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ بارلىق خەلقىمىزنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ۋە مىللى مۇجادىلىمىزنىڭ جىددى تەقەززاسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى مىللى مەركەز رەھبەرلىرى قىرغىزىستانغا يېتىپ بېرىپ، قىرغىزىستاندا پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى ۋە بەزى جامائەت ئەرباپلىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلاردىن سەممىي ھال سورىدى ھەمدە ئۇلاربىلەن مىللى مۇجادىلىمىزنى يەنىمۇ تەرەققى قىلدۇرۇش ھەققىدە ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇردى.

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى مىللى مەركەز رەھبەرلىرى قىرغىزىستاندىن تەكرار قازاقىستانغا قايتىپ كېلىپ، ئالمۇتا شەھرىنىڭ دۇرۇژبا رايونىدىكى ئۇيغۇرلار مەھەللىسىنى زىيارەت قىلىپ، بۇيەردە ياشاۋاتقات شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىدىن مىللى مەركەز نامىدىن ھال - ئەھۋال سورىدى.

4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، گېنرال مۇھەممەت رىزابېكىن ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى ئالمۇتا شەھرىدىن 120 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چېلەك ناھىيىسىگە بېرىپ، بۇناھىيىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنى يوقلىدى.

4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كەچتە مىللى مەركەز رەھبەرلىرى، قازاقىستاندىكى « نوزۇگۇم فوندا جەمىيىتى » نىڭ رەئىسى دىلبىرىم سامساقوۋانىڭ مەخسۇس ئۇلارنىڭ شەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرغان ۋە قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ تالانتلىق ئارتىسلىرىنىڭ ئورۇنلىشىدىكى كانسېرت نومۇرلىرىنى كۆردى.

ئومومەن، مىللى مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ بۇقېتىمقى ئوتتۇرا ئاسىيا سەپىرى ناھايىتى مۇۋاپىقىيەتلىك ئۆتتى.

## « ئۇچقۇن » گېزىتىنىڭ ئېلانى

ۋەتەنداشلىرىمىزغا يېتىپ مەلۇم بولغايكى، گېزىتىمىزنى تېخىمۇ كەڭ ئامۇبچانلىققا ئىگە قىلىش مەقسىدىدە، گېزىتىمىزگە سىياسى خەۋەرلەردىن باشقا يەنە، تاشقى دۇنيادا ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش، ئائىلە، توي - تۆكۈن، ئوقۇش، خىزمەت، ئۆلۈم - يېتىم ... ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك ئىجتىمائى خەۋەرلەرنى، ئۇيغۇر يازغۇچى - شائىرلىرىمىزنىڭ شېئىر، ھېكايە، ئەدەبى ئوبزور، ئەسىر ... قاتارلىق نادىر ئەسەرلىرىنى، ھەرقايسى كەسىپلەردىكى ئالىم ۋە مۇتەخەسسىسلىرىمىزنىڭ ۋە دىنى ئەرباپلىرىمىزنىڭ تارىخ، جۇغراپىيە، ئېكىلوگىيە، ئارخىلوگىيە، دىن .. قاتارلىق تۈرلۈك كەسىپلەر مەزمۇن قىلىنغان ئىنچام ئىلمى تەتقىقات ئەسەرلىرىنى مۇۋاپىق شەكىلدە بېرىشنى قارار قىلدۇق. ئەگەر پروۋېست، رومان ۋە شېئىرلار توپلىمىغا ئوخشىغان چوڭ تىپتىكى نادىر ئەسەرلەر بولسا، « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » ئۇنىڭ نەشر قىلىنىشىغا مۇۋاپىق تۈردە ياردەم قىلىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسىتىمىز، چەتئەلدە ياشاۋاتقان يازغۇچى - شائىرلىرىمىزغا تېخىمۇ ئازادە مۇھىت يارىتىپ بېرىش ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت.

ئۇندىن باشقا يەنەگېزىتىمىز تىجارەت ۋە ئىجتىمائى ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك ئېلانلارنى قوبۇل قىلىدۇ. ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ گېزىتىمىزنى يۇقارقى مەزمۇنلاردىكى تۈرلۈك ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن :

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ باشلىقى ۋە

« ئۇچقۇن » گېزىتىنىڭ ساھىبى ئابدۇجېلىل قاراقاش

## كوممۇنىست خىتاي باشقۇرىلىدىغان بومبا بىلەن تەيۋەنگە تەھدىت سالماقتا

ئامېرىكا ئاقسارىينىڭ دوكلاتىغا قارىغاندا، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى يېقىندا تەيۋەنگە يېقىن بولغان جەنۇبى رايونلىرىغا 200 گە قەدەر باشقۇرىلىدىغان بومبا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇ بومبىلارنىڭ يۆلۈنۈشىنى تەيۋەنگە توغرىلاپ قويغان. بۇيىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر خىتاي بۇ رايوندىكى باشقۇرىلىدىغان بومبىلىرىنىڭ سانىنى 650 كە كۆپەيتىشنى قارار قىلغان. بۇيىل 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تەيۋەن ھەربى دائىرىلىرى مەخسۇس مۇشۇ ھەقتە بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنى، « باشقۇرىلىدىغان بومبىلىرى ئارقىلىق تەيۋەن بىلەن قورۇقلۇقنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ جىددىلىشىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولماقتا » دەپ ئەيىپلىگەن ئىدى.

## ئۆتكەن يىل خىتايدا 100 مىڭ كىشى تۈرلۈك قازالاردا ئۆلدى

رويتېر ئاگېنتلىقىنىڭ بۇ يىل 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن خەۋىرىگە قارىغاندا، 1998 - يىلى ئىچىدە خىتايدا جەمئى 364 مىڭ 129 قېتىم قاتناش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، بۇ قازالاردا 78 مىڭ 67 كىشى ئۆلگەن ھەمدە 1997 - يىلدىكىگە قارىغاندا ئۆلۈش نىسبىتى 13.08 پىرسەنت ئاشقان. ئۇندىن باشقا يەنە ئۆتكەن يىلى خىتايدىكى كان ۋە ئىش يەرلىرىدە يۈز بەرگەن قازالاردا ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 13 مىڭ 660 كىشىگە يېتىپ، 97 - يىلدىكىدىن 16.6 پىرسەنت ئاشقان. شۇ يىلى باشقا قازالاردا يەنە 5439 كىشى ئۆلگەن.

## خىتاي تاشقى سودىدا ئامېرىكىنى ئالداپ كەتتى

خىتايچە «ياۋروپا گېزىتى» نىڭ بۇيىل 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىكى خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇيىل كىرگەندىن بۇيان ئامېرىكىنىڭ خىتاي بىلەن قىلغان تاشقى سودىسىدا كۆرۈلگەن قىزىل رەقەم تارىختىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن.

ئامېرىكا سودا مىنىسترلىكىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، بۇيىلنىڭ دەسلەپكى ئىككى ئېيىدا، ئامېرىكىنىڭ خىتايغا قىلغان ئېكسپورت مىقدارى ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 24 پىرسەن تۆۋەنلەپ كەتكەن، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئامېرىكىنىڭ خىتايدىن ئىمپورت قىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى ئاشقان. يەنى خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكىغا قارىغاندا 19 مىليارت 400 مىليون دوللارلىق مالنى ئارتۇق ئېكسپورت قىلىۋالغان. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئامېرىكا سودا مىنىسترى دايۋىي بايانات ئېلان قىلىپ، خىتايغا ئېتىراز بىلدۈردى ھەمدە خىتاي ھۆكۈمىتىدىن دەرھال ئۆزلىرىنىڭ تاۋار ۋە مۇلازىمەت بازارلىرىنى ئامېرىكىغا ئېچىۋېتىشىنى تەلەپ قىلدى.

## جۇرۇڭجى كانادادا زىيارەتتە تەيۋەنلىك مۇستەقىللىقچىلارنىڭ نارازىلىقىغا ئۇچرىدى

ئۆز خەۋىرىمىز: بۇيىل 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كانادادا رەسمىي زىيارەتتە بولۇۋاتقان خىتاينىڭ باش مىنىسترى جۇرۇڭجى، كانادانىڭ پايتەختى مونتېرىيالدا تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىقىنى تەلەپ قىلىدىغان بىر تۈركۈم نامايىشچىلارنىڭ نارازىلىقىغا دۇچ كەلدى. ئاساسەن تەيۋەننىڭ يەرلىك مىللەتلىرىدىن تەركىپ تاپقان نامايىشچىلار قوشۇنى خىتايغا قارشى شوئار توۋلاپ، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

شۇ كۈنى جۇرۇڭجى كانادادىكى بىر قىسىم خىتاي مۇھاجىرلىرى بىلەن چۈشلۈك تاماقتا بىرگە بولغاندا تەيۋەن مەسىلىسى ھەققىدە توختىلىپ، تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىقىنى تەرغىپ قىلغانلىق، ئاتا - بوۋىسىغا ئاسىيلىق قىلغانلىقتۇر. بىز تەيۋەن بىلەن تىنچلىق شەكلىدە بىرلىشىشنى ئۈمىت قىلىمىز، ئەمما قورال كۈچى ئىشلەتمەيمىز دەپ ۋەدە بېرەلمەيمىز دېدى.




## خىتايدا قىزلارنىڭ نىسبىتى شىددەت بىلەن ئاشماقتا

«شىڭداۋ» گېزىتىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، مۇشۇ ئاينىڭ 22 - كۈنى «خىتاي پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى» نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، خىتايدا ياشانغان كىشىلەرنىڭ سانىنىڭ بارغانسىرى ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇنىڭ خىتايغا ناھايىتى ئېغىر بېسىم پەيدا قىلىۋاتقانلىقىنى بايان قىلغان. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۆلچەرلىشىچە، 2000 - يىلىغا بارغاندا خىتايدا 60 ياشتىن يۇقىرى كىشىلەرنىڭ ئومومىي سانى 130 مىليونغا يېتىدىكەن. ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتى نوپۇسنىڭ ئېشىشىنى قاتتىق كونترول قىلسا، كەلگۈسى 20 يىل ئىچىدە خىتاينىڭ ئومومىي نوپۇسى يەنە 300 مىليون كۆپىيىدىكەن. خىتاي ھۆكۈمىتى، ياشانغانلارنىڭ نىسبىتىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ يېقىن كەلگۈسىدە خىتاينىڭ ناھايىتى ئېغىر ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي بېسىمغا ئۇچرايدىغانلىقىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلماقتا.

## خىتاينىڭ ناتو ھەرىكىتىگە قارشى چىقىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى

شۋېتسىيەنىڭ ئەڭ چوڭ گېزىتلىرىنىڭ بىرى بولغان «شۋېتسىيە كۈنلۈك گېزىتى» نىڭ بۇيىل 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىكى سانىدا، «ناتونىڭ يۇگوسلاۋىيەگە قارىتا ئېلىپ بارغان بومباردىمانى، كوممۇنىستىك خىتايغا نىسبەتەن بىر ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەت» دېگەن سەرلەۋھەدە بىرپارچە مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «خىتاينىڭ ناتو ھەرىكىتىگە قارشى چىقىشى، ئۇنىڭ يۇگوسلاۋىيەگە كۆز كۆزل بولغىنىلىكىدىن بولماستىن، بەلكى كەلگۈسىدە ئامېرىكىنىڭ خىتايغا قارشى مۇشۇنداق بىرھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلماقتا. بەلكى كېلەر قېتىم ئامېرىكا تەيۋەن ۋە تىبەتنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ناتو ھەرىكىتىگە ئوخشاش بىر ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن».

بۇ ماقالىدا يەنە، خىتاينىڭ تاشقى دۇنيادا ناتونىڭ كوسوۋا ھەرىكىتىگە قاتتىق قارشى چىقىش بىلەن بىرگە، ئىچكى قىسمىدا خىتاي پۇخرالىرىغا قارىتا ناتوغا قارشى كۈچلۈك تەشۋىقات ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى، خىتاينىڭ بەزى گېزىتلىرىدە ئامېرىكىنىڭ پىرېزىدېنتى كىلىنتوننىڭ گىتلېرغا ئوخشىتىپ سىزىلغان ھەجۋىي رەسىملىرىنىڭ بېسىلغانلىقى ۋە يۇگوسلاۋىيىنىڭ پىرېزىدېنتى مىلوسوۋىچنىڭ مىللىي قەھرىمان سۈپىتىدە كۆككە كۆتۈرۈلگەنلىكى بايان قىلىندى.

بۇماقالىدا يەنە، ناتو ھەرىكىتىدىن كېيىن، كەلگۈسىدە مۇشۇنداق بىر ھەرىكەتنىڭ چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا كېلىدىغانلىقىنى سەزگەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ، نۆۋەتتە جىددىي تۈزدە ھاۋا مۇداپىيە سىستېمىسىنى كۈچەيتىشنىڭ كويىغا چۈشكەنلىكى قەيت قىلىندى.

بۇ ماقالىدا يەنە، خىتاينىڭ تاشقى

## 2000 - يىلى خىتايدا ئىشسىزلىق نىسبىتى 25% گە چىقىدۇ

بېيجىڭ باھارى ژورنىلىنىڭ بۇيىل 5 - ئايلىق سانىغا بېسىلغان بىر خەۋەرنىڭ مەزمونىغا ئاساسلانغاندا، خىتاي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى مادوگرۋي كېلەر يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر خىتايدا ئىشسىزلىق نىسبىتىنىڭ % 25 گە يېتىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. خىتاي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۆلچەرىگە قارىغاندا، خىتاينىڭ 2000- يىلىدىكى 9 - بەش يىللىق پىلانى مەزگىلىدە، شەھەر - بازارلاردا يېڭىدىن كۆپىيىدىغان ئەمگەك كۈچى 54 مىليونغا يېتىدۇ، ئەمما بۇمەزگىل ئىچىدە خىتاي پەقەت 38 مىليون كىشىنىڭ ئىش مەسىلىسىنى ھەل قىلالايدۇ، قالغان 16 مىليون كىشى ئىشسىز قالىدۇ. نۆۋەتتە خىتايدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى زاۋۇت - كارخانىلاردىن ئىشتىن بوشىتىلغانلارنىڭ ئومومىي سانى 16 مىليوندىن ئارتۇق بولۇپ، 2000 - يىلىغا بارغاندا بۇ رەقەم 30 مىليونغا يېتىپ بارىدۇ. خىتاينىڭ يېزىلىرىدا بولسا، 96 - يىلىدىن 2000 - يىلىغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە يېڭىدىن 210 مىليون ئەمگەك كۈچى كۆپىيىدۇ، ئەمما خىتايدا تېرىلغۇ يەر چەكلىك بولغاچقا، يېزىلار پەقەتلا 80 مىليون يېڭى ئەمگەك كۈچىنى ھەزىم قىلالايدۇ، قالغان 130 مىليون نەپەر دېھقان مەجبۇرى ھالدا باشقا كەسىپكە يۈزلەندۈرۈلىدۇ. بۇ ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتقاندا، 2000 - يىلى خىتايدا ئومومىي ئىشسىزلىق نىسبىتى % 25 گە چىقىدۇ.

«شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى» نەشر قىلدى

« ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ »( ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرىدىن )

# ئۇچقۇن

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

1999 - يىلى 5 - ئاي

9 - سان

گېرمانىيىدە نەشر قىلىندى

Eastern Turkistan
Information Center

ھەپتىلىك سىياسىي - ئىلمىي گېزىت

گېزىتىمىز 1999 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئېتىبارەن نەشر قىلىنماقتا

## « گېرمان - ئۇيغۇر دوستلۇق جەمئىيىتى » قۇرۇلدى



ئۆزمۇخبىرىمىز خەۋىرى : يېقىندا مەركىزى گېرمانىيىنىڭ ميونخېن شەھىرىدىكى « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » بىلەن گېرمانىيىنىڭ ۋايمېر ئىنستىتوتى بىرلىشىپ « گېرمان - ئۇيغۇر دوستلۇق جەمئىيىتى » نى قۇردى.

گېرمانىيە تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرلار بىلەن گېرمانلارنىڭ بىۋاستە ھەمكارلىقى ئاستىدا قۇرۇلغان بۇ جەمىيەتنىڭ نىزامنامىسى ۋە رەسمىيەتلىرى 1999 - يىلى 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى گېرمانىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ، رەسمىي قانۇنلاشتى. ( داۋامى 2 - بەتتە )

## خىتاينىڭ ئەلچىخانىسىغا بومبا چۈشتى

ئۆزخەۋەرىمىز: 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ناتونىڭ ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى يۇگوسلاۋىيىنىڭ پايتەختى بېلگراتنى راسا بومباردىمان قىلىۋاتقان بىر پەيتتە، ناتونىڭ نىشانىدىن « ئېزىپ » قالغان 3 تانە باشقۇرۇلىدىغان بومبىسى خىتاينىڭ بېلگراتتىكى باش ئەلچىخانا بىناسىغا چۈشتى. بۇقېتىمقى دەھشەتلىك پارتلاشتا خىتاينىڭ ئەلچىخانا بىناسى خارابىلىققا ئايلىنىپ، ئەلچىخانىدا تۇرۇۋاتقان بىرى مۇخبىر 3 خىتاي ئۆلدى، 20 دىن ئارتۇق خىتاي يارىلاندى، 2 خىتاي يوقاپ كەتتى. خارابىلىككە ئايلانغان بىناغا قاپسىلىپ قالغان 26 نەپەر خىتاي مىكتەستە قۇتقۇزۇلۇپ سىرتقا ئېلىپ چىقىلدى. ئېغىر يارىلانغانلارنىڭ ئىچىدە خىتاينىڭ يۇگوسلاۋىيە دىكى باش ئەلچىخانىسىدا تۇرۇشلۇق ھەربى مەسلىھەتچىسىمۇ بار. ( داۋامى 8 - بەتتە )

## «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» « خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى » غا تەشەككۈر مەكتۇبى يوللىدى

ئۆزمۇخبىرىمىز خەۋىرى: بۇيىل 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى مەركىزى گېرمانىيىدىكى « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ باياناتچىسى ئەنئۇەرجان تەشكىلات نامىدىن « خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى » غا تەشەككۈر مەكتۇپى يوللاپ، « خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى » نىڭ يېقىندا كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىقلىرى بايان قىلىنغان 92 بەتلىك مەخسۇس دوكلات ھازىرلاپ چىقىپ، ئۇنى پۈتۈن دۇنياغا ئېلان قىلىپ تارقاتقانلىقىغا ئالاھىدە مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

( داۋامى 3 - بەتتە )

## خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا « يۇگوسلاۋىيىگە ياردەم بېرىش » سېلىقى سالدى

«شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى» نىڭ يېقىندا ۋەتەندىن ئالغان خەۋىرىگە قارىغاندا، شەرقىي تۈركىستاندىكى كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى بۇيىل 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن ئېتىبارەن شەرقىي تۈركىستاندا « يۇگوسلاۋىيىگە ياردەم بېرىش كامپانىيەسى» باشلاپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى كوسوۋا موسۇلمانلىرىغا قارىتا رەھىمسىزلەرچە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقان سېرب قاسساپلىرىغا پۇل ئىئانە قىلىشقا قىستىغان. (داۋامى 2 - بەتتە)

## قازاقىستان ئۇيغۇر ياشلىرى بىرلىكى قۇرۇلدى

ئۆزخەۋەرىمىز: بۇيىل 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ بىردىن - بىر مۇستەقىل تەشكىلاتى بولۇپ ھېسابلانغان « قازاقىستان ئۇيغۇر ياشلىرى بىرلىكى »نىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

(داۋامى 2 - بەتتە)

# خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا « يۇگوسلاۋىيەگە ياردەم بېرىش » سېلىقى سالدى

( بېشى 1 - بەتتە )

بۇقېتىمقى « يۇگوسلاۋىيەگە ياردەم بېرىش » ھەرىكىتى جەريانىدا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئالۋاڭ - ياساقلىرىنىڭ كۆپلىكىدىن بېشىنى ئىشتىن كۆتۈرەلمەي ئارانلا ياشاپ كېلىۋاتقان دېھقانلىرىمىز ئېغىر دەرىجىدە خانىۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان. خىتاي مۇستەبىتلىرى بۇقېتىمقى ھەرىكەتتە ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا ھۆكۈمەتتىن كۆتۈرە ئالغان ھەربىرمو تېرىلغۇيەر ئۈچۈن يۇگوسلاۋىيەگە 50 يۈەندىن نەق پۇل ئىئانە قىلىش سېلىقىنى سالغان. ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى يېزا - قىشلاقلارغا ياردەم توپلاش ئۈچۈن مەخسۇس ئەۋەتكەن چوماقچىللىرى ئۆيمۇ - ئۆي يۈرۈپ، دېھقانلاردىن زورلۇق - زومبۇلۇق بىلەن پۇل يىغقان، پۇلى يوق دېھقانلارنىڭ مال - ۋارانلىرىنى ۋە ھويلا - ئاراملىرىدىكى دەل - دەرەخلەرنى كېسىپ ئېلىپ كەتكەن. بىرپارچە زاغرا نانغا زار بولۇپ ئاچ يۈرگەن بەزى يوقسۇل دېھقانلار، ھۆكۈمەتنىڭ قىستىشىغا چىدىماي ئاچچىقىدا بەزى ئېچىنىشلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ھۆكۈمەتكە بولغان نارازىلىقلىرىنى بىلدۈرگەن.

مەسىلەن، 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى يەكەن ناھىيىسىنىڭ مىشا يېزىسىغا تەۋە بايلىق كەنتىدىكى ئۇيغۇر دېھقان ئىمىن جۈمەگە ھۆكۈمەت مەخسۇس يۇگوسلاۋىيەگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن 200 يۈەن سېلىق سالغان، يىللاردىن بېرى ئاران جان ئېتىپ كېتىۋاتقان نامرات دېھقان ئىمىن جۈمەنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ بۇ سېلىقىنى تۆلەشكە زادىلا قۇربى يەتمىگەن. ھۆكۈمەت خادىملىرى ھەركۈنى ئىشىك ئالدىغا كېلىۋېلىپ « پۇل بەر » دەپ قىستاۋەرگەشكە، ئامالسىز قالغان بۇ دېھقان ئاچچىقىغا پايلىماي ئۆزىنىڭ 6 ياشلىق قىزىنىڭ بويىنىغا ئاغامچا سېلىپ، قىزىنى بازارغا ساتقىلى ئېلىپ چىققان. بۇنى كۆرگەن خىتاي ساقچى دائىرىلىرى ئۇنى، « ھۆكۈمىتىمىزنى مازاق قىلدىڭ » دەپ ئەيىبلەپ، قىزى بىلەن قوشۇپ تۇتۇپ ساقچى ئىدارىسىگە سولاپ قويغان.

خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بۇقېتىم يولغا قويغان « يۇگوسلاۋىيەگە ياردەم بېرىش كامپانىيەسى » داۋامىدا، ئۆزلىرىگە سېلىنغان ئالۋاڭنى تۆلىيەلمىگەن كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار ھۆكۈمەتنىڭ ئۆچ ئېلىپ زەربە بېرىشىدىن قورقۇپ، چارۋا - ماللىرىنى، ئۆي سەرەمجانلىرىنى سېتىپ، ئالۋاڭنى تۆلەشكە مەجبۇر بولغان.

فاشىست سېرپلارنىڭ كوسوۋا مۇسۇلمانلىرىغا قاراتقان ۋەھشىي قىرغىنچىلىقىنى باشتىن - ئاخىرى تەلۋىلەرچە قوللاپ، ناتونىڭ ھەققانى ھەرىكىتىگە جېنىنىڭ بېرىچە قارشى چىقىپ كەلگەن خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بارغان بۇقېتىمقى ھەرىكىتى - دۇنياجامائەتچىلىكىگە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى سېرىپ جاللاتلىرىنىڭ يېنىدا يەرئالغان ۋە ناتوغا قارشى چىققان قىلىپ كۆرسىتىشتىن ئىبارەت سىياسى سۇيقەستىنىڭ بىرپارچىسىدىن ئىبارەت، خالاس!

# « گېرمان - ئۇيغۇر دوستلۇق جەمئىيىتى » قۇرۇلدى

( بېشى 1 - بەتتە )

« گېرمان - ئۇيغۇر دوستلۇق جەمئىيىتى » نىڭ غايىسى ۋە مەقسىدى، بارلىق خەلقئارا قانۇنلار ۋە گېرمانىيە قانۇنلىرى دائىرىسى ئىچىدە، گېرمانىيە خەلقى بىلەن ئۇيغۇر خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، گېرمانىيە خەلقىنىڭ نۆۋەتتە ئاسارەت ئىچىدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە بولغان ھېسداشلىقىنى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۇيغۇر خەلقىنى ۋە شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى گېرمانىيەنى مەركەز قىلغان پۈتۈن ياۋروپا ئەللىرىگە تېخىمۇ لايىقىدا تونۇتۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. قانۇنى كۈچكە ئىگە قىلىنغان نىزامنامىسىغا ئاساسەن بۇ جەمئىيەت تۈرلۈك ئاخبارات ۋە تەشۋىقات ۋاستىللىرىنى تەسىس قىلىش، تارىخ، دىن، مەدەنىيەت، تىل، سەنئەت .. قاتارلىق تۈرلۈك مەزمۇندىكى تەتقىقات مەركەزلىرىنى قۇرۇش، ئىنستىتوت ۋە ئۇنىۋېرسىتېت قۇرۇش، مۇزېي ۋە كۈتۈپخانا - قىرائەتخانا ئېچىش . . . قاتارلىق ھوقۇق ۋە سالاھىيەتلەرگە ئىگە بولۇپ، بۇجەمئىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى، گېرمانىيە ۋە شۇنداقلا ياۋروپادا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەمدە شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى خەلقئارالاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش جەھەتلىرىدە پەۋقۇلاددە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىككى تەرەپ ئۆزئارا كېڭىشىش ئارقىلىق، گېرمانىيە ۋېيمېر ئىنستىتۇتىنىڭ باش رېكتورى، « گېرمانىيە مۇسۇلمان ئادۋوكاتلار جەمئىيىتى » ( بۇ جەمئىيەت خرىستىيانلىقتىن چىقىپ ئىسلام دىنىغا كىرگەن گېرمانلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان ) نىڭ رەئىسى ۋە ياۋروپادا بىردىن - بىر گېرمان تىلىدا نەشرقىلىنىۋاتقان « ئىسلام گېزىتى » نىڭ مۇدىرى ئابابەكىر رېگبېر (گېرمان) ئەپەندى « گېرمان - ئۇيغۇر دوستلۇق جەمئىيىتى » نىڭ رەئىسلىكىگە، « گېرمانىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى » نىڭ ۋە « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ رەئىسى، « ئۇچقۇن » گېزىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ساھىبى ئابدۇجېلىل قاراقاش ئەپەندى مۇئاۋىن رەئىسلىككە كۆرسىتۈلدى.

# « قازاقىستان ئۇيغۇر ياشلىرى بىرلىكى » قۇرۇلدى

( بېشى 1 - بەتتە )

قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمىي تەستىقلاپ رويخەتكە ئېلىشى بىلەن قۇرۇلغان « قازاقىستان ئۇيغۇر ياشلىرى بىرلىكى » نىڭ بۇقېتىمقى قۇرۇلۇش مۇراسىم يىغىنىغا، باش ئاپپاراتى تۈركىيە - ئىستانبۇلدىكى « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » نىڭ رەئىسى گېنېرال مۇھەممەت رىزا بېكىن، مىللىي مەركەزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سېيىت تارانچى، مىللىي مەركەز قارمىقىدىكى « ۋەتەن فوندى » نىڭ رەئىسى تۇرسۇن تارانچى، مەركىزى گېرمانىيىدىكى « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، قازاقىستاندىكى مەشھۇر جامائەت ئەربابلىرى ۋە قازاقىستاننىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 300 گە يېقىن كىشى قاتناشتى. يىغىن جەريانىدا، ئالمۇتا شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلار، چىلەك ۋە يەركەنت قاتارلىق ئۇيغۇر رايونلىرىدىكى ياشلارنىڭ ئىچىدىن بۇقېتىمقى قۇرۇلتايغا سايلاپ چىقىلغان 160 نەپەر ۋەكىل بىرىيەرگە جەم بولۇپ، « قازاقىستان ئۇيغۇر ياشلىرى بىرلىكى » نىڭ نىزامنامە لاھىيىسىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى ھەمدە ياشلار بىرلىكىنىڭ رەھبەرلىك ھەيئىتىنى سايلاپ چىقتى.

دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق، نۆۋەتتە « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىۋاتقان ئابدۇرېشىت تۇردى بىرلىكنىڭ رەئىسلىكىگە، « قازاقىستان ئۇيغۇر ستۇدېنتلىرى ئىتتىپاقى » نىڭ رەئىسى ۋىلەم مولۇت مۇئاۋىن رەئىسلىككە، دولقۇن رازىيېۋ فوندا رەئىسلىكىگە سايلاپ چىقىلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 3 كىشىدىن تەركىب تاپقان تەپتىش ھەيئىتى ۋە قازاقىستاننىڭ بارلىق ئۇيغۇر رايونلىرىنىڭ بىرەردىن ياشلار ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان 21 كىشىلىك رەھبەرلىك ھەيئىتى سايلاپ چىقىلدى. رەھبەرلىك ھەيئىتىدىكى بۇ ياشلار مۇخبىرلار، پېداگوگلار، مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە ستۇدېنتلاردىن تەركىب تاپقان.

نىزامنامىدا كۆرسىتىلىشىچە، « قازاقىستان ئۇيغۇر ياشلىرى بىرلىكى » نىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ۋە مەقسىدى، قازاقىستاننىڭ قانۇن ۋە دېموكراتىك قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ تۈردە ياردەم بېرىش، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ، جۈملىدىن ياشلىرىنىڭ سىياسى ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائى ھوقۇقلىرىنى قوغداش، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر ياشلىرى بىلەن بولغان دوستلۇق، ھەمكارلىق ۋە تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى كۈچەيتىش، شۇنداقلا نۆۋەتتە تاشقى دۇنيادا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان داۋاسىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت.

يىغىن جەريانىدا، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى نىڭ مەسئۇللىرى، دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى نىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ئارقا - ئارقىدىن سۆز قىلىپ، تاشقى دۇنيادا ياشاۋاتقان بارلىق شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنى، ئۆزئارا بىرلىك ۋە باراۋەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مىللىي ئېڭىنى ھەم ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، نۆۋەتتە پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان داۋاسىغا ئاكتىپ تۈردە ئاتلىنىشقا چاقىردى.

كىم يامانلىق ئويلىسا تاپماس يامانلىقتىن ئامان،
ئۇ يامانىنىڭ ئاپىتى ياڭغاي ئۆزىگە شۇ زامان.

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

# خەلقئارا قانۇنلار، نىزامنامىلار، خىتاپنامىلار، ئەھدىنامىلار، پرىنسىپلار ۋە باياننامىلار

ئىزاھات: تۆۋەندە دىققىتىڭلارغا سۇنماقچى بولغىنىمىز، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى ئومۇمىي باياننامىسى» نىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن نەشر قىلىپ تارقاتقان «خەلقئارالىق ھۆججەتلەر توپلىمى» دىگەن كىتاپتا يەرئالغان خەلقئارالىق قانۇن ۋە پرىنسىپلاردىن ئىبارەت. گېزىتىمىزنىڭ سەھىپىسىنىڭ چەكلىك بولۇشى تۈپەيلىدىن، ئالدى بىلەن بىز بۇ قانۇنلارنىڭ نامىنى ۋە ئېلان قىلىنغان ۋاقتىنىلا دىققىتىڭلارغا سۇندۇق. رەت تەرتىۋى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نەشر قىلغان كىتاپتىكى رەت تەرتىۋىگە ئاساسەن تىزىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن گېزىتىمىز مۇمكىن بار بۇ قانۇنلارنىڭ تولۇق مەزمۇنىدىنمۇ سىزلەرنى تولۇق خەۋەردار قىلىشقا تىرىشىدۇ. تەرجىمە قىلىش جەريانىدا بەزى ئۇقساللارنىڭ بولۇشى تەبىئى، شۇڭا سىزلەرنىڭ تۈزۈتۈپ ئوقۇشىڭىزلارنى ئۆمت قىلىمىز. (تەھرىردىن)

## 1. «دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى خىتاپنامىسى»

(بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1948 - يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىكى 217 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ماقۇللانغان ھەم ئېلان قىلىنغان. بۇ خىتاپنامە جەمئى 30 ماددىدىن تەركىپ تاپقان)

## 2. «ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ھوقوقلار خەلقئارا ئەھدىنامىسى»

(بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1966 - يىلى 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىكى 2200 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ماقۇللانغان. بۇ ئەھدىنامە جەمئى 5 قىسىم ۋە 31 ماددىدىن تەركىپ تاپقان)

## 3. «پۇخرالىق ھوقوقى ۋە سىياسى ھوقوقلار خەلقئارا ئەھدىنامىسى»

(بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1966 - يىلى 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىكى 2200 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ماقۇللاندى. بۇ ئەھدىنامە جەمئى 53 ماددىدىن تەركىپ تاپقان)

## 4. «پۇخرالىق ھوقوقى ۋە سىياسى ھوقوقلار خەلقئارا ئەھدىنامىسىنىڭ ئەركىن كېلىشىمنامىسى»

(بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1966 - يىلى 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىكى 2200 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ماقۇللاندى. بۇ كېلىشىمنامە 14 ماددىدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، 1976 - يىلى 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن ئېتىۋارەن رەسمى يولغا قويۇلدى)

## 5. «تېھران خىتاپنامىسى»

(1968 - يىلى 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىكى خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى يىغىنىدا ماقۇللىنىپ ئېلان قىلىندى. بۇ خىتاپنامە جەمئى 19 ماددىدىن تەركىپ تاپقان)

## 6. «مۇستەملىكە ئاستىدىكى دۆلەت ۋە خەلقلەرگە بېرىلگەن مۇستەقىللىق خىتاپنامىسى»

(بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1960 - يىلى 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئالغان 1514 - نومۇرلۇق قارارى. بۇ خىتاپنامە جەمئى 7 ماددىدىن تەركىپ تاپقان)

## 7. «تەبئى بايلىقلارنىڭ مەڭگۈلۈك ئىگىلىك ھوقوقى ئەھدىنامىسى»

(بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1962 - يىلى 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىكى 1803 - نومۇرلۇق قارارى. بۇ ئەھدىنامە جەمئى 8 ماددىدىن تەركىپ تاپقان)

## 8. «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىرقىي كەمستىشنى يوقۇتۇش خىتاپنامىسى»

(بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1963 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىكى 1904 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ئېلان قىلىندى. بۇ خىتاپنامە جەمئى 11 ماددىدىن تەركىپ تاپقان)

## 9. «ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىرقىي كەمستىشنى يوقۇتۇش خەلقئارا ئەھدىنامىسى»

(بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1965 - يىلى 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىكى 2106 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ماقۇللاندى. بۇ ئەھدىنامە 3 قىسىم ۋە 25 ماددىدىن تەركىپ تاپقان)

## 10. «ئىرقىي ئايرىمىچىلىق جىنايى ھەرىكەتلىرىنى چەكلەش ھەم جازالاش خەلقئارا ئەھدىنامىسى»

(بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1973 - يىلى 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىكى 3068 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ماقۇللان. بۇ ئەھدىنامە 1976 - يىلى 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن ئېتىۋارەن رەسمى كۈچكە ئىگە قىلىندى. بۇ ئەھدىنامە جەمئى 19 ماددىدىن تەركىپ تاپقان)

## 11. «تەنتەربىيە ساھەسىدىكى ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا قارشى تۇرۇش خەلقئارا ئەھدىنامىسى»

(بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1985 - يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىكى 40 / 64 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ماقۇللاندى. بۇ ئەھدىنامە جەمئى 22 ماددىدىن تەركىپ تاپقان)

## 12. «ھەرخىل كەسىپتە ئىشلەۋاتقانلارنى ۋە كەسپلەرنى كەمستىشكە قارشى خەلقئارا ئەھدىنامىسى»

(خەلقئارا ئەمگەكچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ 42 - نۆۋەتلىك يىغىنىدا 1958 - يىلى 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ماقۇللانغان. بۇ ئەھدىنامە جەمئى 14 ماددىدىن تەركىپ تاپقان)

## 13. «مائارىپ جەھەتتىكى كەمستىشنى بىكارقىلىش ئەھدىنامىسى»

(بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتى قۇرۇلتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك يىغىنىدا 1960 - يىلى 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ماقۇللانغان. بۇ ئەھدىنامە 1962 - يىلى 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن ئېتىۋارەن رەسمى كۈچكە ئىگە قىلىندى. بۇ ئەھدىنامە جەمئى 19 ماددىدىن تەركىپ تاپقان)

## 14. «ياراشتۇرۇش ۋە نۆۋەت ئالمىشىش كومىتېتى قۇرۇپ، مائارىپ جەھەتتىكى كەمستىشكە قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسىغا ئىمزا ئاتقان ھەرقايسى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا يۈزبېرىدىغان ھەرقانداق تالاش - تارتىشلارنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى ھەققىدىكى كېلىشىمنامە»

(بۇ كېلىشىمنامە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتى قۇرۇلتىيىنىڭ 22 - نۆۋەتلىك يىغىنىدا 1962 - يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ماقۇللانغان بولۇپ، 1968 - يىلى 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى رەسمى كۈچكە ئىگە قىلىنغان. بۇ كېلىشىمنامە جەمئى 28 ماددىدىن تەركىپ تاپقان)

## 15. «ئەر - ئايال ئىشچىلار باراۋەر ئىشلەش ۋە باراۋەر ئىمتىيازلاردىن بەھرىمان بولۇش خەلقئارا ئەھدىنامىسى»

(بۇ ئەھدىنامە خەلقئارا ئەمگەكچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ 34 - نۆۋەتلىك يىغىنىدا 1951 - يىلى 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ماقۇللانغان بولۇپ، 1953 - يىلى 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى رەسمى كۈچكە ئىگە قىلىنغان. بۇ ئەھدىنامە جەمئى 14 ماددىدىن تەركىپ تاپقان)

## 16. «ئاياللاغا قارىتىلغان كەمستىشنى يوقۇتۇش خىتاپنامىسى»

(بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1967 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىكى 2263 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ئېلان قىلىندى. بۇ خىتاپنامە 11 ماددىدىن تەركىپ تاپقان)

## 17. «ئاياللارغا قارىتىلغان ھەرقانداق شەكىلدىكى كەمستىشلەرنى يوقۇتۇش خەلقئارا ئەھدىنامىسى»

(بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1976 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىكى 34/ 180 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ماقۇللاندى ھەمدە 1981 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى رەسمى كۈچكە ئىگە قىلىندى. بۇ ئەھدىنامە 6 قىسىم ۋە 30 ماددىدىن تەركىپ تاپقان)

## 18. «دىن ۋە ئېتىقات سەۋەبىدىن ئىنسانلارنىڭ ھەرقانداق شەكىلدە بېسىمغا ۋە كەمستىلىشكە ئۇچرۇشىنى يوقۇتۇش خىتاپنامىسى»

(بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1981 - يىلى 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىكى 36/ 55 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ماقۇللىنىپ ئېلان قىلىندى. بۇ خىتاپنامە جەمئى 8 ماددىدىن تەركىپ تاپقان)

## 19. «ئاخبارات ۋاستىلىرىنى تىنىچلىق ۋە خەلقئارالىق چۈشىنىشنى كۈچەيتىش، ئىنسان ھەقلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىرقچىلىققا، ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا ھەمدە ئۇرۇش قۇتراتقۇلۇقىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئاساسى پرىنسىپى ھەققىدىكى خىتاپنامە»

(بۇ خىتاپنامە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتى قۇرۇلتىيىنىڭ 1978 - يىلى 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىكى 20 - نۆۋەتلىك يىغىنىدا ئېلان قىلىندى. بۇ خىتاپنامە جەمئى 11 ماددىدىن تەركىپ تاپقان)

(داۋامى گېزىتىمىزنىڭ كېلەركى سانلىرىدا)

«شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى» نەشر قىلدى

# شېئىرىيەت گۈلزارى

## قانداق قىلاي بەختىم قارا

ئەخمەت ئىگەمبەردى
(ئاۋۇستىرالىيە)

قانداق قىلاي بەختىم قارا،
يۈرگەن يېرىم خاڭلار ئارا،
پۈتتى كىشەن، قولدا كويزا،
ئۆزەم قۇلمەن قەلبىم يارا.

قانداق قىلاي بەختىم قارا،
قوناق يەيمەن، ئۇيقۇم چالا،
نىمە پۈتمەس قانداق گۇناھ،
نە كۈنلەرگە قالدىم خۇدا؟

قانداق قىلاي بەختىم قارا،
قالدى يىغلاپ خوتۇن - بالا،
كۆزىن يۇمماي زارلاپ ئانا،
يوللۇرۇمغا قارا - قارا...

قانداق قىلاي بەختىم قارا،
ئېلىم ۋەيران، باستى قازا
خىتاي زالىم كۆرە ئالەيدۇ،
تۆت ئەتراپىم ماتەمسىرا...

قانداق قىلاي بەختىم قارا،
دەرت - ئەلەمنى تارتتۇق تازا،
دەرتلەر كەلسە يالغۇز باشقا،
مەرت يىگىتمۇ قانداق چىدا؟!

قانداق قىلاي بەختىم قارا،
بۇ سەپەردە خەلقىم ھەمرا،
غەم تاغلىرىن تالقان قىلدىم،
ۋەتەن - مىللەت بولغاچ يانا.

قانداق قىلاي بەختىم قارا،
زۇلمەت كۆكتە يۇلتۇز يانار.
كېچە ئۇزۇن، بولسۇن سىياھ،
تۈن كەينىدىن تاڭلار ئاتار.

1978 - يىلى 4 - ماي.
يىشىل جىلغا ( لوساۋگۇ )

## ئىككى شېئىر

نۇرمۇھەممەت ھەسەن
( قىرغىزىستان )

### ئانا ۋەتەن

ئاھ! ۋەتەن مېھرىڭ دىلىمدا قەلبىم ئادا بىر سەن ئۆزەڭ،
تاغلىرىڭ پۈتمەس غەزىنە، تۈگىمەس بەركەت ئۆزەڭ.
نىفتىڭ تاشتى بۇلۇقلاپ سۇغا ماس دەريا كەبى،
يۇرىمەن چەتلەردە زارىقىپ قىبلىگاھ كەئبەم ئۆزەڭ.

ئېلىشىپ ياۋلار بىلەن قانچە جان ئاتقانمۇ سەن،
ئەگدۈرۈپ باش ياۋلىرىڭنى قانچە رەت ئۇتقانمۇ سەن.
قانچە يازسا تۈگىمەس ئالەمشۇمۇل شۆھرەتلىرىڭ،
دىلغا نامىڭنى تېڭىپ زىكرى قىپ يۇرمەمدىمەن.

كۆپ ئازاپ قىلدى جىنگىغا قان ئىچەر كەلگۈندىلەر،
پارچە نانغا زارقىلىپ، كۈلدى پاراغەت ئۆزگىلەر.
قىپ تاراج شۇ بايلىقىڭنى، بەرمىدى ئۆزەڭگە نەپ،
يەر ۋە خەلقىڭنى قىلدى ۋەيران ئۇ قاۋان سۇرگۈندىلەر.

بۇ جاھان ئۆتمەيدۇ شۇنداق بار ئۇنىڭمۇ نۆۋىتى،
تاغنى تالقانمۇ قىلار بىرلەشسە شۇ ئەل قۇدرىتى.
چىقار بىر كۈن يېرىڭدىن شۇم قاباھەتنى سۈرۈپ،
چۈنكى ئەۋلادىڭدا بار سادىر - غىنەمنىڭ قوۋۋىتى.

ئانا - يۇرت قۇتلۇق دىيار، سەنسىز جاھاننى نىمە قىلاي؟
يانمىسا مېھرىڭ قېنىمدا قۇرۇق بۇ جاننى نىمە قىلاي.
ھەممە ۋاخ پىكرى - خىيالىم سەندىدۇر ئانا ۋەتەن،
سەنسىز كۆرگەن بۇ « بەخت - راھەت نۇرى » نى نىمە قىلاي؟

### ۋەتەنداشقا!

يېرىم ئەسىردىن بېرى ۋەتەننى زۇلمەت قاپلىدى،
قاتمۇ - قات بولغان زۇلۇم بىزنى ۋەتەندىن ئايرىدى،
گۈل ۋەتەننىڭ باغلىرى ياۋ پەنجىدە ۋەيران بولۇپ،
قوغلۇنۇپ باغلاردا بۇلبۇل، قارغا - قوزغۇن سايرىدى.

تىرە - پىرەن بولدى خەلقىم، چەتلىگە كەتتى تاراپ،
قانچە مىڭلاپ بىگۇناھلار زىنداندا تارتماقتا ئازاپ،
« بېرىمىز ياردەم » دىسە ئىشىنىپ، زەپ ئالدىنىپ،
ئۆي - ماكان ھەم نان بېرىپ ئۆزىمىز بولدۇق خاراپ.

ھۆر ئازاد ياشاش ئۈچۈن قانچە قىلدۇق ئىنقىلاپ،
غەيرى دوستلار باش بولغاچ، كەتتىغۇ چەتكە بۇراپ،
خۇددى يىرلبارسدەك بېسىپ ماڭغاندا بىز شىددەت بىلەن،
سىرتىمىزدىن ساتتى ماۋغا بىزنى ماناستا توراپ.

ئويىۇشۇپ بۇ تەشكىلاتقا ياقلى زۇلمەتكە ئوت،
يەنە زۇلمەت ئاستىدا خورلانمىسۇن ئانا يۇرت،
مۇستەبىت قانخورلىنى قوغلا جەھەننەم گۆرىگە،
پارلىسۇن ۋەتەندە تاڭ، قالمىسۇن قارا بۇلۇت.

باغلىغىن ئەلگە مۇھەببەت، قىلىپ چىن ئىتقادىڭنى،
دۇنيا ئالدىدا ساقلاپ ئىناۋەت - ئىتىبارىڭنى،
ۋەتەنگە جان پىدا قىلغىن شېھىدلەر روھىنى خوش قىپ،
قولۇڭدىن تاشلىما ئوغلان ئۇتقان زۇلپىقارىڭنى.

ۋەتەن - خەلقىڭ ئاسارەتتە، سېنىڭ ئۇخلىمىقىڭ نە ئىش؟
ئەلنى ئۇنجىتىپ تۇرسا قارا بوران بىلەن جۇت - قىش.
ۋەتەنداش بىرلىشەيلى بىز پۇلاتتەك چىڭ قىلىپ سەپنى،
دۇنيا ئالدىدا كۆرسەت قىلىپ سەنمۇ ئۇلۇغ بىر ئىش.

بىل ۋەتەنداش بۇ زاماندا خورلۇنۇش، قۇللۇق ھارام،
بىزمۇ ئىنسان، باشقىلاردەك ياشىساق - ئىناق - خۇرام.
تىگرقاپ تۇرما ۋەتەنداش ئويلىغىن ئەۋلاد غىمىن،
« نۇرى » يانماس غايىسىدىن ئانت ئىچىپ ئۇتقان كالام.

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

### ۋەتەندىن كەلگەن خەت:

# ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ پەريادى

( تەھرىردىن ئىزاھات: تۆۋەندە دىققىتىڭلارغا سۇنماقچى بولغىنىمىز، ۋەتەن ئىچىدىكى مەلۇم بىر ئۇيغۇر دېھقاندىن گېزىتىمىزگە بىۋاستە كەلگەن خەتنىڭ ئەينەن تەپسىلاتىدىن ئىبارەت بولۇپ، مەخپىيەتلىك نۇقتىسىدىن خەتنىڭ قىسمەن جايلىرى قىسقارتىۋېتىلدى ۋە گىرامماتىكا جەھەتتىن ئازىراق تۈزىتىلدى )

هازىر شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممە جايلىرىدا يەرلەر شەخسلەرگە ئىجارىگە بۆلۈپ بېرىلدى.

ھەر يىلى بىر مو يەردىن ئېلىنىدىغان ھوسۇل : بۇغداي 300 كىلوگىرام، قوناق 150 كىلوگىرام. ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدىغىنىمىز: بۇغداي بىر مو يەردىن 220 كىلوگىرام، قوناق 50 كىلوگىرام . بىز تاپشۇرغان بۇغدايلارنى بولسا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خىتايلارغا ئەكىرىپ بېرىدۇ، قونىقىمىزدا خىتايىنى گۆش بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن چوشقا باقىدۇ. چۈنكى چوشقا دېگەن بۇ بەدبەخ پاسا - سامان، ئوت يىمەيدۇ، مەينەتلىكىگە باقماي قوناق، بۇغداي، ئارپا قاتارلىق يىمەكلىكلەرنى يەيدۇ.

كۈز بولغاندا ھوسۇلنى يىغىپ قارايدىغان بولساق، بىرمو يەردىن ئالىدىغان بۇغدىيىمىز 300 كىلۇ چىقماي قالىدۇ، كەم قالغان 100 كىلو بوغداي ئۈچۈن دېھقاننىڭ ئۆيىدە قوي - كالابارمۇ، ئىشەك بارمۇ، گىلەم - كىگىز بارمۇ، ئىشقىلىپ ھەممىنى ساقچىلار ئېلىپ ماڭىدۇ ۋە قارشىلىق قىلغانلار تۈرمىگە سولىنىدۇ. بولۇپمۇ 3 يىلدىن بېرى بۇ زۇلۇملار يىلدىن - يىلغا كۆپىيىۋاتىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يېزىدا دېھقانلارغا قويىدىغان باج ، ئالۋاڭ - ياساقلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) دۆلەتكە بېرىدىغان ئاشلىق بېجى، (2) ھەربىي ئائىلە - تاۋاباتلىرىغا بېرىدىغان پۇل بىجى، (3) جامائەت فوندى، (4) ئىجتىمائى فوندى، (5) پاراۋانلىق فوندى، (6) خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىردىكى ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا ياردەم قىلىدىغان پۇل، (6) يول پۇلى، (7) چىگرا رايون ياردەم پۇلى، (8) مائارىپ پۇلى، (9) ئېلىكتىر لېنىيە يول پۇلى ( توك پۇلى باشقا) ، (10) يېزا - قىشلاق يول پۇلى، (11) سۇ پۇلى، (12) قو ياش بېجى (هازىر كۆكەرتىش پۇلى دېيىلىدۇ) ، (13) ئۆستەڭ قۇرلۇشى پۇلى، (14) گۈيخۇا پۇلى(لاھىيىلەش پۇلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، (15) ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش پۇلى، (16) كۆزگە نەيلۇن يېپىش پۇلى، (17) چارۋا - مالنى بېقىش يەم - خەشەك پۇلى، (18) قوي - كالىلار ئۈچۈن ھەر يىلى ئالىدىغان مال بېجى، (19) يېڭىدىن كەلگەن خىتايلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئالىدىغا ياردەم پۇلى، (20) يېزا - قىشلاقلاردىكى دادۈي كادىرلىرىغا بېرىلىدىغان مائاش پۇلى، (21) شەھەر- ناھىيىلەرنى تەرەققى قىلدۇرۇش پۇلى. . . قاتارلىقلار. بۇلاردىن باشقا يەنە ئىسمى ئاتالمىغان بىرمۇنچە ئالۋاڭ - ياساقلار بار. بۇ خىل ئالۋاڭ - ياساقلار كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلاپ ۋە كۆپىيىپ، نۇرغۇن ئىجارىكەش دېھقانلار ئاچلىقتىن ئۆلۈۋاتىدۇ.

يەرنى تېرىمىسا يېگىلى نان يوق، يەرنى تېرىسا ئالۋاڭ دەستىدىن گەدەنگىچە قەرزگە بوغۇلۇپ يېگىدەك نانمۇ ئاشماي، يەردىن قاتتىق تويغان خەلق، جان ساقلىماق ئۈچۈن ئانا يۇرتىنى تاشلاپ، ياقا يۇرۇتلارغا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىۋاتىدۇ.

مەسلەن، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قاراقاش ناھىيىسىنى ئېلىپ ئېيتساق، بىرقانچە يىلدىن بۇيان بۇناھىيىدىن تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقى تۈپەيلىدىن يۇرتىنى تاشلاپ ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا چىقىپ كەتكەن ئۇيغورياشلىرىنىڭ سانى 20 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. بولۇپمۇ قىشتىكى قەھرىتان سوغۇقتا ھۆكۈمەت دېھقانلارنى مەجبۇرى ھالدا فاڭخۇڭ دېگەن تاققا ھەيدەپ ئاپىرىپ ئىككى ئاي ئىشقا سالىدۇ.

ئۇندىن باشقا يەنە ھەريىلى چۆلگە ھەيدەپ ئەكىرىپ ئىككى ئاي بوز يەر ئاچقىلى سالىدۇ، كىمنىڭ ئىككىدىن بالىسى بولسا، بىرىنى ئەنەشۇ يېڭى ئېچىلغان بوزيەر رايونىغا كۆچۈپ يەرلىشىشكە مەجبۇرلايدۇ.

يېزىلاردىكى گۈزەل جايلارنى خىتاي كۆچمەنلىرىگە بۆلۈپ بېرىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ يەرلىك خەلقنىڭ مۇنبەت يەرلىرىنى « بىڭتۇەن » دەيدىغان خىتاينىڭ دېھقان ئەسكەرلىرىگە بۆلۈپ بەرگەن بولۇپ، ئۇلارغا مۇتلەق باج - ئالۋاڭ يوق. ئادەمنى قاتتىق ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، قاراقاش ناھىيە قاراساي يېزىسىنىڭ يېنىغا ئورۇنلاشقان « 47 - تۇەن » دەيدىغان خىتاي كۆچمەنلىرى ئورۇنلاشقان يەرنى مىسالغا ئالساق، بۇ يەردىكى خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ يېرىگە ئايدا ئۇدا 15 كۈن سۇ ئاقىدۇ، خىتاينىڭ سۇغارمىغان قۇرۇق يەرلىرىمۇ قالمىغاندا ئاندىن كېيىن سۇنى ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا بۆلۈپ بېرىدۇ. دېھقانلار بۇغداي يېرىنى پۇلغا سۇغىرىدۇ. سۇغۇرۇلغان بۇغدايغا 3 سانتىدىن ئوشوق سۇ باشلاپ قالسا، دەرھال جازا ئالىدۇ. بىچارە دېھقانلارنىڭ ئەھۋالى هازىر ناھايىتى ئېغىر، بەكمۇ نامرات.

خىتايلار ئۇيغۇر قىزلىرىغا خالىغانچە باسقۇنچىلىق قىلىۋاتىدۇ، ئەرىز قىلسا، قىزنىڭ دادىسى ۋە ئۇرۇق - تۇققانلىرىنى جازالاۋاتىدۇ. هازىر بىچارە دېھقانلاردا يەي دىسە نان قاتتىق، ئۆلەي دىسە جان تاتلىق بولىۋاتىدۇ.

بەلكىم يۇقارقى ئىشلارغا ھېچ كىم ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن، مەن شۇ ئىشەنمىگۈچىلەرنىڭ خوتەن قاراقاش ناھايىسى قارا ساي يېزىسىغا بېرىپ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كېلىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

ۋەتەن سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزغا شۇنى تەۋسىيە قىلىمەنكى، ئاللا رىزاسى ئۈچۈن بىر- ئىككى كىشىنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كېلىشىنى ئۈمىت قىلىمەن. ۋەتەننى قۇتقۇزمىساق ئۇيغۇرلار چوقۇم تۈگەپ كېتىدۇ.

هازىر شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتايلار بەك باي بولۇپ كەتتى، ئۇيغۇر دېھقانلار بولسا تېخىمۇ نامراتلىشىپ كەتتى. بىر ئۇيغۇر دۇكان ئاچسا، ئايدا پايدا ئالسۇن ياكى ئالمىسۇن، تۆلەيدىغان باج 1000 يۈەن، بىر خىتاي كومۇنىست دۇككان ئاچسا، چوڭ بولسۇن ، كىچىك بولسۇن، بىر يۈەنمۇ تۆلىمەيدۇ، دۇككان ئورنىنىمۇ ھەقسىز بېرىۋاتىدۇ. خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئاچ قويۇپ، يوقسۇل قويۇپ يوقۇتۇش كويىغا چۈشتى.

ئەگەر ۋەتەن سىرتىدىكى مۇسۇلمان ۋەتەنداشلىرىمىز بۇلارنىڭ نالە - پەريادىنى ئاڭلىماسلىققا سالسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھ چوقۇم ئۇنداق ئىنسانلارنىڭ نالە - پەريادىنى ئاڭلىمايدۇ. چۈنكى ھەر ئىنسان ئاللاھنىڭ قۇلى، ئىنسانلانىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشنى ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىشنى ئاللاھ بىزدەك قۇللىرىغا بۇيرىغان.

1999 - يىلى 4 - ئاي ( خوتەن )



( سۈرەتتە: شەرقىي تۈركىستاندا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىۋاتقان مەيدان )

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشىر قىلدى

# خىتاينىڭ ئەلچىخانىسىغا بومبا چۈشتى

( بېشى 1 - بەتتە )

بۇقېتىمقى خىتاينىڭ بېلگراتتىكى باش ئەلچىخانىسىدا يۈزبەرگەن پارتلاشتىن كېيىن، ناتو قوماندانلىق مەركىزى دەرھال بايانات ئېلان قىلىپ، ناتو بومبىلىرىنىڭ خىتاي ئەلچىخانىسىنى نىشانغا ئالمىغانلىقىنى ۋە بۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن جىددى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى بايان قىلدى.



ئەمما خىتاينىڭ يۇگوسلاۋىيىدىكى باش ئەلچىسى پەن جۇەنلىن شۇكۈنى بايان ئېلان قىلىپ، « بۇقېتىمقى ھۇجۇم قەستەن ئېلىپ بېرىلدى، چۈنكى ئەلچىخانىمىزنىڭ يېقىن ئەتراپىدا ھېچقانداق ھەربى ئەسلىھەلەر يوقتى، ھۆكۈمىتىمىز بۇۋەقەگە شىددەتلىك ئىنكاس قايتۇرىدۇ » دەپ ئۇششۇقلۇق قىلدى. پارتلاش يۈزبەرگەن ھامان، يۇگوسلاۋىيىنىڭ باش مىنىستىرى مىركو مارىيجانوۋىچ، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى زىۋادىن جوۋانوۋىچ ۋە سەھىيە مىنىستىرى لېپوساۋا مىلىسىۋىچ دەرھال خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىپ، ئەلچىخانىدىكى يارىدار خىتايلارنى قۇتقۇزۇشقا قوماندانلىق قىلدى. تاشقى ئىشلارمىنىستىرى جوۋانوۋىچ نەقمەيداندا قىلغان سۆزىدە، « ناتونىڭ بۇ ھەرىكىتى، مەسىلىلەرنى دىپلوماتىك ئۇسۇللار ئارقىلىق ھەل قىلىشقا تىرىشىۋاتقان دىپلوماتىيە ئۈچۈن قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىق » دەپ ئېچىنقۇلۇق قىلىپ، ناتو ھەرىكىتىدىن بۇيان باشتىن - ئاخىرى ئۆزلىرىنى قوللاپ كېلىۋاتقان خىتاي « دوستلىرى » غا بولغان ھېسداشلىقىنى بىلدۈردى. ۋەقە يۈزبەرگەن ھامان، روسىيەنىڭ پرېزىدېنتى يېلتسىنمۇ ناتونى قاتتىق ئەيىپلىدى ھەمدە روسىيەنىڭ بېيجىڭدا تۇرىۋاتقان بىر ئەمەلدارى ئارقىلىق خىتايدىن ھال سورىدى.

شۇكۈنى خىتاينىڭ بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتىدا دائىمى تۇرۇشلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شېن گوفاڭ بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ناتوغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى. ئوخشاش ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە خىتاي دائىرلىرىمۇ بېيجىڭدا بايانات ئېلان قىلىپ ناتوغا نارازىلىق بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، ناتودىن يۇگوسلاۋىيىگە قاراتقان ھەربى ھەرىكەتنى دەرھال توختۇتۇشنى قاتتىق تەلەپ قىلدى.



# خىتاي ھۆكۈمىتى ئوقۇغۇچىلارنى ئامېرىكىغا قارشى نامايىش قىلىشقا قۇتراتتى

يۇگوسلاۋىيىدىكى خىتاي ئەلچىخانىسىغا ناتونىڭ بومبىسى چۈشكەن كۈندىن ئېتىۋارەن خىتاي ھۆكۈمىتى ساقچى دائىرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئامېرىكىنىڭ بېيجىڭدىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئەتراپىدىكى بارلىق يوللارنى قاتتىق قامال قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئەلچىخانىغا كىرىپ - چىقىشىنى چەكلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئامېرىكىدىن ئۆچ ئېلىش مەقسىدىدە بېيجىڭدىكى ھەرقايسى ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى قۇترۇتۇپ، ئۇلارنى ئامېرىكىنىڭ بېيجىڭدىكى باش ئەلچىخانىسى ئالدىدا نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈشكە تەشكىللىدى. نەچچەمىڭلىغان نامايىشچى خىتاي ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنى تاش يامغۇرىغا تۇتۇپ، ئەلچىخانىنىڭ ئىشىك - دەرىزىللىرىنى پۈتۈنلەي چېقىپ تاشلىدى ۋە ئەلچىخانىنىڭ ئالدىدا توختۇتۇپ قويۇلغان ئەلچىخانىغا ئائىت كۆپلىگەن ماشىنىلارنى ئۆرۈپ - چېقىپ پاچاقلىۋەتتى. ئۇندىن باشقا يەنە خىتاي دائىرلىرى ئامېرىكىنىڭ شاڭخەيدىكى كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدىدىمۇ خىتاي ئوقۇغۇچىلارنى ئامېرىكىغا قارشى نامايىش قىلىشقا تەشكىللىدى.




پۈتۈن نامايىش جەريانىدا ئەلچىخانا ئالدىدا تەرتىپ قوغداۋاتقان خىتاي ساقچىللىرى نامايىشچىلارنى توسۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ تاماشا كۆرۈپ تۇردى، ھەتتا بەزىللىرى نامايىشچىلارغا قوشۇلۇپ ئەلچىخانىنىڭ ئىشىك - دەرىزىللىرىگە تاش ئېتىشىپ بەردى.

ئامېرىكىنىڭ خىتايدىكى باش ئەلچىسى جىم جاسىسېر ئەپەندى ئامېرىكىدىكى بەزى تېلىۋىزىيە ئىستانسىللىرىغا تېلىفۇن بېرىپ، بىرقانچە كۈندىن بۇيان ئەلچىخانا خادىملىرىنىڭ خىتاي نامايىشچىللىرىنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقى دەستىدىن سىرتقا چىقالماي قېپسىلىپ قالغانلىقىنى، ھازىر ئەلچىخانا ئىچىدە ئۆزى بىلەن بىرگە 3 دىپلومات ۋە 8 ئامېرىكا ئەسكىرىنىڭ بارلىقىنى، خىتاي ساقچىللىرىنىڭمۇ ئۇلارنى قوغدىمايۋاتقانلىقىنى ۋە ماھىيەتتە ئۇلارنىڭ خىتاي نامايىشچىللىرى تەرىپىدىن گۆرۈگە ئېلىنغانلىقىنى بايان قىلغان. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقئارا قانۇنلارنى دەپسەندە قىلغان ھالدا ئېلىپ بارغان بۇخىل زوراۋانلىق ھەرىكىتى، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى.

## دۇنيادا 300 مىڭ بالا ئەسكەر بار

بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ « باللارغا ياردەم بېرىش تەشكىلاتى » يېقىندا، ھازىر دۇنيا بويىچە 300 مىڭ بالىنىڭ ئەسكەرقىلىپ ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ دوكلاتىدا، دۇنيادىكى 26 دۆلەتتە ئەسكەرقىلىنغان باللارنىڭ 15 ياشتىن كىچىك ئىكەنلىكى بايان قىلىندى.

## گېرمانىيەنىڭ باش مىنىستىرى شرۆدەر خىتايغا قىلىدىغان زىيارىتىنىڭ ۋاقتىنى قىسقارتتى

ئۈزخەۋرىمىز: 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى خىتايغا 4 كۈنلۈك رەسمى زىيارەتكە بېرىشنى پىلانلىغان گېرمانىيە باش مىنىستىرى شرۆدەر، بېلگراتتىكى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ناتو تەرىپىدىن بومباردىمان قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، زىيارەت ۋاقتىنى بىركۈنگە قىسقارتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شرۆدەر بۇقېتىمقى خىتاي سەپىرىدە گېرمانىيىنىڭ ئەڭ داڭلىق 33 نەپەر كارخانىچىسىنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ بېرىشنى پىلانلىغان ئىدى ، ئەمما بۇلىڭدىنمۇ ۋازكەچتى.

شرۆدەر 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى بېيجىڭدا خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇختۇلۇق ھالدا كوسوۋا مەسىلىسىنى تىلغا ئالدى.

جانابىي ئاللاھ مەدەتكارىڭىز بولغاي!

گېزىتنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ساھىبى:
ئابدۇلجېلىل قارقاش
گېزىت مەسئۇلى ۋە باش تەھرىر:
پەرھات مۇھەممىدى
تەھرىر ۋە مونتاژ:
ئۆمەرجان شاھيارى

تەھرىرلەر:
پەرىدە نىياز
ئايگۈل ئەسەتكېچىك
كوررېكتور:
ئۇچقۇن قەشقىرى

گېزىتىمىزگە بېسىلغان ماقالىلارنىڭ مەۋقەسى ئاپتورلىرىمىزغا ئائىتتۇر. گېزىتىمىزغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ. ۋەتەن ھەققىدىكى مۇھىم ئاخباراتلارغا مۇۋاپىق ھەق بېرىلىدۇ.

E T I C
Lindwurmstr. 99
80337 Munchen Germany
E Mail:etic@ uygur.com
Internet:www.uygur.com
Tel:0049/89/543 88 99
Fax:0049/89/54 45 63 30

گېزىتنى بېسىپ تارقاتقۇچى:
شەرقىي تۈركىستان
ئىنفورماتسىيون مەركىزى
نەشرىيات مۇدىرى
ئابدۇلجېلىل تۇران

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

« ئۇچقۇندىن يالقۇن چىقىدۇ »( ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرىدىن )

# ئۇچقۇن

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

ھەپتىلىك سىياسىي - ئىلمىي گېزىت

گېزىتىمىز 1999 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئېتىبارەن نەشر قىلىنماقتا

1999 - يىلى 5 - ئاي

10 - سان

گېرمانىيىدە نەشر قىلىندى

Eastern Turkistan Information Center


## ئۈرۈمچىدە ئىككى نەپەر ئۇيغۇر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى خىتايلار تەرىپىدىن پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلدى

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ ۋەتەن ئىچىدىن بىۋاستە ئالغان خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇيىل 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، يەنى قۇربان بايرىمىنىڭ بىرىنچى كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى « مائارىپ ئىنستىتوتى » نىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا قاتىللار تەرىپىدىن ئىككى ئۇيغۇر ياشنىڭ جەسىدى تاشلاپ قويۇلغان بولۇپ، ھەر ئىككىسىنىڭ بېشى كېسىلگەن. مەلۇم بولۇشىچە، بۇ ئىككى نەپەر ئۇيغۇر ياش ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىللىرى بولۇپ، قاتىللار جەسەتنىڭ بېشىغا، « ھەي ئۇيغۇرلار! سەنلەر قۇربانلىق ئۈچۈن قوي كېسىشسەڭ، بىز بايرىمىڭ ئۈچۈن ئۆزەڭنىڭ كاللىسىنى كېسىپ ھېيتىڭنى مۇبارەكلەيمىز! » دىگەن سۆزلەر يېزىلغان بىرپارچە خەتنى تاشلاپ قويغان.

خىتاي قاتىللىرىنىڭ چېكىدىن ئاشقان بۇ ۋەھشى قىلمىشىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن ئۈرۈمچىدىكى كۆپلىگەن خەلق، خىتاي دائىرلىرىدىن قاتىلنى دەرھال تېپىپ قانغا قان ئېلىپ بېرىشنى قاتتىق تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ساقچى دائىرلىرى بۇ دىلوغا پەرۋاسىز قارىغاشقا، قاتىللارنىڭ ھازىرغا قەدەر ئىز - دېرىكى بولمىغان.

## تۈركىيەدە « مەخمۇت قەشقىرى ۋە تۈركى تىللار دىۋانى » دىگەن تېمىدا خەلقئارالىق ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى



ئۆزمۇخبىرىمىز ئەركىن تارىمنىڭ تۈركىيە - ئەنقەرەدىن بەرگەن خەۋىرى: بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەخمۇت قەشقىرىنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 975 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، بۇيىل 5 - ئاينىڭ 7 - ۋە 8 - كۈنلىرى تۈركىيەنىڭ پايتەختى ئەنقەرەدە « مەخمۇت قەشقىرى ۋە تۈركى تىللار دىۋانى » دىگەن تېمىدا مەخسۇس خەلقئارا كونفرانس ئۆتكۈزۈلدى.

( داۋامى 2 - بەتتە )

## خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكا بىلەن بولغان بەزى مۇناسىۋەتلەرنى توڭلاتتى



ئۆزخەۋىرىمىز: ناتونىڭ نىشانىدىن « ئازغان » باشقۇرۇلىدىغان بومبىسىنىڭ خىتاينىڭ بېلگراتتىكى باش ئەلچىخانىسىغا چۈشكەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ئامېرىكا پىرېزىدىنتى كىلىنتون ۋە ناتو قوماندانلىق شتاۋى خىتايدىن ئۆزرە سورىغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكىغا قاراتقان ئۆچ ئېلىش ھەرىكىتىنى توختاتمىدى. گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى خىتايدا ئامېرىكىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان نامايىشلارنىڭ، تيەنئەنمىن ۋەقەسىنىڭ 10 يىللىقى يېقىنلاپ قالغان بىرپەيتتە خىتايغا قارشى نامايىشلارغا ئايلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئامېرىكا ئەلچىخانىسى ئالدىدىكى نامايىشلارنى بىرئاز پەسكويغا چۈشۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى نۆۋەتتە ئامېرىكا بىلەن يۈرگۈزۈۋاتقان قورال - ياراقلارنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى نازارەت قىلىش، ئىككى تەرەپنىڭ ھەربى ھەمكارلىقى ۋە ئىنسان ھەقلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە يۈرگۈزۈۋاتقان بارلىق دىيالوگلىرىنى ۋە ئامېرىكا بىلەن بولغان ھۆكۈمەتلەر ئارىسى بېرىش - كېلىشلەرنى توختاتقانلىقىنى ئېلان قىلدى.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بولسا بۇقېتىمقى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ بومباردىمان قىلىنىش ۋەقەسىنىڭ ئاساسى سەۋەبىنىڭ، ئامېرىكا ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ خاتاھۆكمى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى، بومباردىمان جەريانىدا ناتو قوشۇنلىرىنىڭ ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى تەمىنلىگەن يۇگوسلاۋىيىنىڭ كونا خەرىتىسى بويىچە نىشانلارنى قارىغا ئالغانلىقىنى ۋە كونا خەرىتىدە خىتاي ئەلچىخانىسى جايلاشقان يەرنىڭ يۇگوسلاۋىيىنىڭ ھەربى ئەسلىھەلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان جاي قىلىپ كۆرسىتىلگەنلىكىنى بايان قىلدى.

( داۋامى 2 - بەتتە )

## شەرقىي تۈركىستاندا ئاياللار تۇتقۇن قىلىنماقتا

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ ۋەتەندىن بىۋاستە ئالغان خەۋىرىنىڭ مەزمونىغا ئاساسلانغاندا، يېقىندا كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيتى شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى قوزغاپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئىسلام قائىدىسى بويىچە ياغلىق ئارتقان 4000 دىن ئارتۇق ئايالنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغان. خەۋەرلەرگە قارىغاندا بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دىنى تەلىم ئېلىۋاتقان ياش قىزلار ئىكەن.



# تۈركىيەدە « مەخمۇت قەشقىرى ۋە تۈركى تىللار دىۋانى » دىگەن تېمىدا خەلقئارالىق ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى

( بېشى 1 - بەتتە )

تۈركىيە ھۆكۈمىتى قارمىقىدىكى « تۈرك مەدەنىيەت - سەنئىتىنى ئورتاق باشقۇرۇش ئىدارىسى » بىلەن « تۈركىيە تىل تەتقىقات ئىدارىسى » بىرلىشىپ چاقىرغان بۇقېتىمقى ئىلمى كونفىرانسقا، تۈركىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان، ئەزەربەيجان، تاتارىستان، باش كۇردىستان ، شىمالى قىبرىس تۈرك جۇمھۇرىيىتى قاتارلىق 9 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن 20 دىن ئارتۇق تۈركولوگ ۋە ئالىم تەكلىپ بىلەن قاتناشتى.

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەدەنىيەت مىنىستىرى ئىستېمخان تالاي كونفىرانستا قىلغان ئېچىلىش نۇتقىدا، بۈيۈك تۈرك ئالىمى مەخمۇت قەشقىرى ۋە ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى « تۈركى تىللار دىۋانى » غا يۇقىرى باھا بەردى ھەمدە دۇنيادىكى بارلىق تۈركىي مىللەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ بۇ مەشھۇر ئالىمغا ۋە ئۇنىڭ شانلىق مىراسىغا مەڭگۈ ۋارىسلىق قىلىشقا چاقىردى.

ئارقىدىنلا تۈركىيە تىل تەتقىقات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەخمەت بىجان ئېرجىلاسۇن سۆزقىلىپ مۇنداق دېدى: « تۈرك تارىخىدا 3 موھىم شەخس بار، ئۇلار مەخمۇت قەشقىرى، ئەلىشىر ناۋائى ۋە مۇستافاكامال ئاتاتۈركتىن ئىبارەت. بۇ ئۈچ شەخس ئوخشىمىغان دەۋرلەردە تۈرلۈك ئىمپېرىيالىزملارغا قارشى تۇرۇپ، تۈرك مىللىتىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى، بىرلىكىنى قوغداپ قېلىشتا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتقان »..

ئىككى كۈن داۋام قىلغان بۇقېتىمقى كونفىرانس جەريانىدا، تۈركىيەدىن تۈركولوگ ۋە فىراپېسور - دوكتۇر ئوسمان فىكرى سەرتكايا، فىراپېسو - دوكتۇر ئېمىنە گۈرسوي ناسقالى، فىراپېسور - دوكتۇر رەسخات گەنج، باش كۇردىستاندىن فىراپېسور - دوكتۇر گايسا خۇسەينوۋ، دوسسېنت - دوكتۇر تىمۇ كوجا ئوغلۇ، فىراپېسور - دوكتۇر مۇستافا جانپولات، فىراپېسور - دوكتۇر فىكرەت تۈركمەن، قازاقىستاندىن ئاسقار ئېگېۋبايېۋ، قىرغىزىستاندىن فىراپېسور - دوكتۇر توكتوسۇن ئاخمېدوۋ قاتارلىق ئالىملار مەخمۇت قەشقىرى ۋە ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى « تۈركى تىللار دىۋانى » توغرىسىدا يازغان بىر - بىرىدىن قىممەتلىك ئىلمى ماقالىلارنى ئوقۇپ ئۆتتى.

بولۇپمۇ ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىراپېسورى ئۇيغۇرشۇناس، تۈركولوگ ۋە دوكتۇر فىكرى سەرت كايا ئەپەندىنىڭ « يېقىندىن تېپىلغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغان مەخمۇت قەشقىرىنىڭ ھاياتى ھەققىدىكى يېڭى مەلۇماتلار » دىگەن تېمىدىكى ئىلمى ئەسىرى كونفىرانس ئەھلىنىڭ ئالاھىدە دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغىدى.

# خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكا بىلەن بولغان بەزى مۇناسىۋەتلەرنى توڭلاتتى

( بېشى 1 - بەتتە )

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بولسا بۇقېتىمقى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ بومباردىمان قىلىنىش ۋەقەسىنىڭ ئاساسى سەۋەبىنىڭ، ئامېرىكا ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ خاتاھۆكمى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى، بومباردىمان جەريانىدا ناتو قوشۇنلىرىنىڭ ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى تەمىنلىگەن يۇگوسلاۋىيىنىڭ كونا خەرىتىسى بويىچە نىشانلارنى قارىغا ئالغانلىقىنى ۋە كونا خەرىتىدە خىتاي ئەلچىخانىسى جايلاشقان يەرنىڭ يۇگوسلاۋىيىنىڭ ھەربى ئەسلىھەلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان جاي قىلىپ كۆرسىتىلگەنلىكىنى بايان قىلدى.

روسىيە پىرېزىدېنتى يېلتسىن ♦ ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى نورماللاشتۇرۇش مەقسىدىدە، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىلى ۋىكتور چېرنومىردىننى 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى جىددى ھالدا بېيجىڭغا ئەۋەتتى.

باشتىن تارتىپ ناتوھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇپ كەلگەن بەزى روسىيە ۋە خىتايپەرەس دۆلەتلەر، بۇقېتىمقى ئەلچىخانا پارتلاش ۋەقەسىنى باھانە قىلىپ ناتودىن يۇگوسلاۋىيىگە قاراتقان ھەربى ھەرىكەتنى دەرھال توختىتىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ناتو قوماندانلىق شىتابى يۇگوسلاۋىيىگە قاراتقان بومباردىماننى داۋاملىق تېزدە توختاتماي ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى ھەمدە بومباردىماننى يەنىمۇ جىددىيلەشتۈردى. 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ناتو ئايروپىلانلىرى بېلگراد ئايرودرومىنى بومباردىمان قىلدى.

ئامېرىكا پارلامېنت ئەزالىرىمۇ كېلىنتوندىن، خىتاينىڭ بېسىمى ۋە نارازىلىقى تۈپەيلىدىن بوشاپ قالماسلىقنى ۋە ناتو ھەربى ھەرىكىتىنى تاكى كوسوۋادا تىنچلىق ساقلانغانغا قەدەر قەتئى داۋاملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. خىتاينىڭ ۋاقىراپ - جاقىراشلىرىغا پەرۋا قىلمىغان ئامېرىكا، يەنە 10 دانە ئېغىر تىپتىكى بومباردىمانچى ئايروپىلاننى ياۋروپادىكى ناتو قوماندانلىق شىتابىنىڭ ئىشلىتىشىگە يوللاپ بەردى.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ناتونىڭ بومباردىمانىغا تايانالمىغان سېرىپ قوشۇنلىرى، 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن ئېتىبارەن كوسوۋادىكى ئەسكىرى قىسىملىرى قەدەمباسقۇچلۇق ھالدا چېكىنىشكە باشلىغان.

# قازاقىستاندىكى خىتاي كونسۇلى خىتايلارنى ئۇيغۇرلار بىلەن ئالاقە قىلماسلىق ھەققىدە ئاگاھلاندۇردى

ئۆزىمىزنىڭ مۇخبىرىمىز ئا. تەۋپىقنىڭ قازاقىستاندىن بەرگەن خەۋىرى: يېقىندا خىتاينىڭ ئالمۇتا شەھىرىدىكى باش كونسۇلخانىسى قازاقىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سودا - تىجارەت قىلىۋاتقان ۋە ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن تۇرۇۋاتقان بىرقىسىم خىتايلارنى كونسۇلخانىغا چاقىرىپ يىغىن ئېچىپ، ئۇلارنى چەتئەلدە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر بىلەن سودا ياكى باشقا جەھەتلەردە ھېچقانداق ئالاقە قىلماسلىق ھەققىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان. خىتاي كونسۇلخانىسىدا چاقىرىلغان بۇقېتىمقى يىغىنغا قاتناشقان بىرخىتاي تىجارەتچىنىڭ بەزى ئۇيغۇرلارغا بايان قىلىشىچە، ئوخشاش ۋاقىتتا خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركى جۇمھۇرىيەتلىرىدە تۇرۇشلۇق باشقا ئەلچىخانا ۋە كونسۇلخانىلىرىمۇ بۇ جۇمھۇرىيەتلەردە تۇرۇۋاتقان خىتايلارغا ئۇيغۇرلار بىلەن ئالاقە قىلماسلىق ھەققىدە ئالاھىدە ئۇقتۇرۇش تارقاتقان. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنداق تەدبىر ئېلىشتىكى مەقسىدى، خىتاي پۇقرالىرىنىڭ ھاياتى - مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىرگە، چەتئەلگە چىققان خىتايلارنىڭ دېموكراتىك ئېقىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت.

# « ئۇچقۇن » گېزىتىنىڭ تۈركچە ۋە لاتىن ھەرپىدىكى ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرى دۇنيا ئىنتېرنېت تورىغا كىرگۈزۈلدى

بۇيىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئېتىبارەن مەركىزى گېرمانىيىدىكى « شەرقى تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » تەرىپىدىن نەشىرقىلىنىشقا باشلىغان ئۇيغۇرچە « ئۇچقۇن » گېزىتىنىڭ تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەينەن نۇسخىسى ۋە لاتىن ھەرپى بىلەن يېزىلغان ئۇيغۇرچىسى، 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ رەسمى ھالدا دۇنيا ئىنتېرنېت تورىغا كىرگۈزۈلدى.

ھازىرغا قەدەر « ئۇچقۇن » گېزىتىنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى جەمئى 10 سان نەشىرقىلىنىپ تارقىتىلىپ بولدى، تۈركچىسى ۋە لاتىن ھەرپىدىكى ئۇيغۇرچىسى بولسا ئىنتېرنېتكە 8 سان كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭدىن كېيىن « ئۇچقۇن » گېزىتىنىڭ تۈركچە ۋە لاتىن ھەرپىدىكى ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرى، كونا يېزىقتىكى نۇسخىسى بىلەن ئوخشاش ۋاقىت ئىچىدە ھەر ھەپتىدە بىر سان دۇنيا ئىنتېرنېت تورىغا مۇقىم ۋە داۋاملىق ھالداكىرگۈزىلىدۇ. بۇ، ۋەتەن سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان شەرقى تۈركىستان مۇجادىلە تارىخىمىزدا تۇنجى قېتىم بىر ئۇيغۇرچە گېزىتىنىڭ ۋە ئۇنىڭ تۈركچە نۇسخىسىنىڭ دۇنيا ئىنتېرنېت تورىغا كىرگۈزىلىشى بولۇپ، بۇخىل يۈزلىنىش ، ۋەتەن سىرتىدىكى شەرقى تۈركىستان داۋاسىدا يېڭى بىر سەھىپىنىڭ ئېچىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ .

« شەرقى تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشىر قىلدى

**دىققەت !**

# خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىنى ئۇيغۇر جاسۇسلىرى قاپلاپ كەتتى

شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى قولىغا چۈشۈرگەن ئىشەنچلىك ئاخباراتقا ئاساسلانغاندا، يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق بىخەتەرلىك نازارىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتى قارمىقىدىكى مەخسۇس تەربىيەلەنگەن بىرتۈركۈم ئۇيغۇر جاسۇسلار ئالاھىدە خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە بېرىپ، ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شەھەرلەردە مەخسۇس ئۇيغۇرلارنى نازارەت قىلىدىغان جاسۇسلۇق تورلىرىنى قۇرۇشقا كىرىشكەن.

بېيجىڭ ، شاڭخەي ، گۇاڭجۇ شەھەرلىرى ۋە جاڭسۇ ئۆلكىسىگە بېرىپ، يەرلىك ساقچى دائىرىلىرىنىڭ تەھدىدى ۋە بېسىمى بىلەن بۇ جايلاردىكى بارلىق ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىغا ئالاھىدە تەربىيەلەنگەن ئۇيغۇر جاسۇسلارنى ئورۇنلاشتۇرغان.

ئاخباراتلارغا قارىغاندا، يېقىندا مەخسۇس ئۈرۈمچىدىن كەلگەن بىر مەخپىي ساقچى گۇاڭجۇ شەھىرىدىكى بىر ئۇيغۇر ئاشخانىسىغا ئۇسسۇپ كىرىپ ئاشخانا ئىگىسىگە، مېنى ئاشخاناڭدا يەڭگىلرەك ئىشتا بىر كۈن ئىشلەتسەڭ دەپ ئۆتۈنگەن. ئاشخانا ئىگىسى ئۇنىڭغا، ھازىرچە مەن ئادەم ئىشلەتمەيمەن دەپ جاۋاپ بەرگەن. ئەمما بۇ بىزەڭ جاسۇس ئاشخانا ئىگىسىگە مىڭ يۈەن خەلق پۇلىنى تەڭلەپ، مېنى بىر كۈن ئىشلەت، بۇ پۇل سېنىڭ بولسۇن دىگەن. ھەممە يانچۇقىدىن جاسۇسلۇق كىنىشكىسىنى چىقىرىپ تەھدىت سالغان. بۇخىل غەيرى ئەھۋاللار ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىدا يۈز بەرگەن. مەلۇماتلارغا قارىغاندا خېلى كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئاشخانىلىرى جاسۇسلارنىڭ تەھدىدى ۋە قىين - قىستاقلىرىدىن قورقۇپ، بۇ جاسۇسلارنى ئىشقا ئېلىشقا مەجبۇر بولغان.

ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىغا ئورۇنلاشقان بۇ جاسۇسلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى، ئاشخانىغا كېلىپ - كەتكەن شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى تىڭشاش ۋە ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىش، گۇمانلىق دەپ قارالغانلىرىنى دەرھال يۇقۇرىغا دوكلات قىلىش ئىكەن.

ئۇندىن باشقا يەنە بۇجاسۇسلار بېيجىڭ شەھرىدە مەخسۇس شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى كۆزىتىدىغان جاسۇسلۇق پونكىتى قۇرۇپ، بېيجىڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان، ئوقۇۋاتقان ۋە تۈرلۈك سەۋەپلەر بىلەن تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈشكە باشلىغان.

بەزى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ جاسۇسلار ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ھەرىكەت باشلىغاندىن كېيىن، كۆپلىگەن بىگۇناھ ئۇيغۇرلار بۇ جاسۇسلار تەرىپىدىن تۆھمەت بىلەن قولغا ئېلىنغان، بەزى ئۇيغۇرلار ئىز- دېرەكسىز ھالدا يوقاپ كەتكەن. ھازىر بۇ غالجىر ئىتلار ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ كوچا - كوچىلىرىدا ئۇيغۇرلارنى پايلاپ يۈرمەكتە.

# « شەرقىي تۈركىستان خەۋەرنامىسى » ناملىق تۈركچە ئايلىق ژۇرنال رەسمى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشقا باشلىدى

ئۆز خەۋەرىمىز: مەركىزى گېرمانىيىدىكى « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » تەرىپىدىن تۈركىيەدە نەشر قىلىنغان « شەرقىي تۈركىستان خەۋەرنامىسى » ناملىق تۈركچە ئايلىق ژۇرنال، بۇيىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى رەسمى نەشىردىن چىقىپ، تۈركىيەدە كەڭ دائىرىدە تارقىتىلىشقا باشلىدى. بۇ ئايلىق تۈركچە ژۇرنال « ئۈچقۇن » گېزىتىنىڭ بىرئايلىق ئومومى سانىنىڭ تۈركچە تەرجىمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ نەشىردىن چىقىشى، تۈركىيەدە شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى تېخىمۇ كەڭ تەشۋىق قىلىشتا ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسىنى پۈتۈن دۇنيادىكى تۈرك قېرىنداشلىرىمىزغا تېخىمۇ لايىقىدا ئاڭلىتىشتا پەۋقۇلاددە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

# « ئاۋىستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيىتى »، قازاقىستان كونسۇلىغا نارازىلىق خېتى تاپشۇردى

ئۆز مۇخبىرىمىزنىڭ ئاۋىستىرالىيەدىن بەرگەن خەۋىرى: بۇيىل 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، « ئاۋىستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيىتى » نىڭ رەئىسى ئەخمەت ئىگەمبەردى، سىدنىي شۆبە جەمىيىتىنىڭ رەئىسى ھۈسەن ھەسەن ۋە مۇئاۋىن رەئىسى دىلمۇرات ئابباس قاتارلىق 3 كىشىلىك بىر ھەيئەت، قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن قېچىپ چىققان خەمىت مۇھەممەت، قاسىم مەخپىر، ئىلياس زوردۇن قاتارلىق ئۇيغۇر ياشلىرىنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىگە نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن، پۈتۈن ئاۋىستىرالىيەدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ۋاكالىتەن قازاقىستاننىڭ ئاۋىستىرالىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئىربەك ساۋدابايېۋ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا قازاقىستان پىرىزىدېنتى نۇرسۇلتان نەزەربايېۋقا يېزىلغان نارازىلىق خېتى سۇندى.

قازاقىستان ئەلچىخانىسىدىكى كۆرۈشۈشتە، « ئاۋىستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيىتى » نىڭ رەئىسى ئەخمەت ئىگەمبەردى باش ئەلچىگە ئۆزلىرىنىڭ بۇقېتىم كېلىشتىكى مەقسىدىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن مۇنداق دېدى: « بىز قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر ياشنى خىتايغا تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئىنتايىن ئەپسۇسلاندۇق ۋە قاتتىق نارازى بولدۇق. چۈنكى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش تۈركىي خەلقلەر بىر جۇغراپىيىۋى رايوندا نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان بىرگە ياشاپ كېلىۋاتقان ئەسلى ۋە نەسلى بىر، ئىرقى، تىلى، دىنى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى ئورتاق بولغان قېرىنداش خەلقلەرمىز. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇمھۇرىيەتلەر مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندىن كېيىن، قېرىنداشلىرىمىز سوۋېت ئىمپېرىيالىزىمىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدى، ئۇلارنىڭ غەلىبىسى بىزنىڭمۇ غەلىبىمىز. بىز ئۆزىمىزنىڭ كۈرەشلىرى ۋە قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ياردىمىدە بىزمۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان مۇستەقىللىققە ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشىمىز دىگەن ئۈمىتتە ئىدۇق. قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قېتىم خەلقئارا قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلىپ، قېرىنداشلىق ئەھدىگە ۋاپاسىزلىق قىلىشى، ئەقەللىي ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەدەپ - ئەخلاققا زىت بۇ غەيرى ئىنسانى ھەرىكىتى بىزنى قاتتىق ئەپسۇسلاندۇردى. نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنى پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قالقان قىلىپ خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن ساقلاپ كەلگەن قېرىنداشلىرىغا قىلىنغان بۇ خىيانەت، خەلقىمىزنىڭ دىلىغا ئۆچمەس داغ سېلىپ قويىدى. رەئىس جۇمھۇر نەزەربايېۋقا بىزنىڭ بۇ مەسىلىدىكى جىددى پوزىتسىيىمىزنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ. بۇندىن كېيىن سىياسى باشپاناھلىق تىلەپ قازاقىستانغا قېچىپ چىققان ئۇيغۇر ياشلىرىنى خىتايغا قايتۇرمىسۇن. ئەگەر قازاقىستان ئۆزىنى مۇستەقىل مەملىكەت دەپ تونۇسا، قېرىنداشلىق يۈزىسىدىن بولسىمۇ خەلقئارا قانۇنلار بويىچە سىياسى پاناھلىق تىلىگۈچىلەرگە ئىگە چىقسۇن. ئەگەر بۇنى قىلالمىسا، ئاۋىستىرالىيەگە ئوخشاش ئىنسان ھەقلىرىنى قەدىرلەيدىغان دېموكراتىك مەملىكەتلەرگە تاپشۇرۇپ بەرسۇن ».

كۆرۈشۈش جەريانىدا، « ئاۋىستىرالىيە تۈركىستان جەمىيىتى » سىدنىي شۆبىسىنىڭ رەئىسى ھۈسەن ھەسەنمۇ باش ئەلچىگە خىتابەن سۆز قىلىپ ، « قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قىلمىشى، قېرىنداش قازاق - ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقىغا ئېغىر زىيان كەلتۈردى. خىتاي باسقۇنچىللىرى ئەزەلدىن بۇيان تۈركىي خەلقلەر ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سېلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىپلاس غەرىزىگە يەتمەكچى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. بىز بۇنىڭدىن قاتتىق ھۇشيار بولۇشىمىز لازىم » دېدى. شۆبە جەمىيەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دىلمۇرات ئابباسمۇ ئەلچىگە قىلغان سۆزىدە، شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر - قازاق خەلقلىرىنىڭ ئۆزئارا قېرىنداشلارچە ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەرنىڭ مۇستەقىل، ئەركىن ياشىشىدا ئىنتايىن پايدىلىق ۋە مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

كۆرۈشۈش ئاخىرلاشقان چاغدا، باش ئەلچى ئىربەك ئۇلار سۇنغان نارازىلىق خېتىنى چوقۇم پىرىزىدېنت نەزەربايېۋقا يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى ۋە بۇقېتىمقى ئۇچرىشىشنىڭ ئىككى مىللەت ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە ئۇلارغا خەتنىڭ جاۋابىنى چوقۇم يەتكۈزىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

# خەلقئارا قانۇنلار، نىزامنامىلار، خىتاپنامىلار، ئەھدىنامىلار، پىرىنسىپلار ۋە باياننامىلار

ئىزاھات : تۆۋەندە دىققىتىڭلارغا سۇنماقچى بولغىنىمىز، بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ « دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى ئومۇمىي باياننامىسى » نىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن نەشر قىلىپ تارقاتقان « خەلقئارالىق ھۆججەتلەر توپلىمى » دىگەن كىتاپتا يەرئالغان خەلقئارالىق قانۇن ۋە پىرىنسىپلاردىن ئىبارەت. گېزىتىمىزنىڭ سەھىپىسىنىڭ چەكلىك بولۇشى تۈپەيلىدىن، ئالدى بىلەن بىز بۇ قانۇنلارنىڭ نامىنى ۋە ئېلان قىلىنغان ۋاقتىنىلا دىققىتىڭلارغا سۇندۇق. رەت تەرتىۋى، بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتى نەشر قىلغان كىتاپتىكى رەت تەرتىۋىگە ئاساسەن تىزىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن گېزىتىمىز مۇمكىن بار بۇ قانۇنلارنىڭ تولۇق مەزمونىدىنمۇ سىزلەرنى تولۇق خەۋەردار قىلىشقا تىرىشىدۇ. تەرجىمە قىلىش جەريانىدا بەزى ئۇقسانلارنىڭ بولۇشى تەبىئى، شۇڭا سىزلەرنىڭ تۈزىتىپ ئوقۇشىڭىزلارنى ئۆتۈنۈش قىلىمىز. (تەھرىردىن)

(بېشى گېزىتىمىزنىڭ ئالدىنقى سانىدا)

20 . « مىللەتلەر ۋە مىللەتلەرگە سەل قاراش مەسىلىسى ھەققىدە خىتاپنامە »

( بۇخىتاپنامە، بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى قۇرۇلتىيىنىڭ 20 ـ نۆۋەتلىك يىغىنىدا 1978 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ماقۇللىنىپ ئېلان قىلىنغان. بۇخىتاپنامە 10 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

21 . « مىللەتلەرنىڭ نەسلىنى يوقۇتۇش جىنايىتىنى چەكلەش ۋە ئۇنى جازالاش ئەھدىنامىسى »

(بۇ ئەھدىنامە بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1948 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىكى 260 ـ نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن تەستىقلاندى ۋە 1951 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن ئېتىۋارەن رەسمى كۈچكە ئىگە قىلىندى. بۇ ئەھدىنامە 19 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

22 . « ئۇرۇش جىنايەتلىرىنى ۋە ئىنسانلارغا زىيانكەشلىك قىلىش جىنايەتلىرىنى قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ۋاقىت چەكلىمىسىدىن چىقىرىش ئەھدىنامىسى »

( ئىزاھات: بەزى دۆۋلەتلەرنىڭ قانۇنىدا بۇخىل جىنايەتلەرنى بىرتەرەپ قىلىش ئۈچۈن ۋاقىت چەكلىمىسى بەلگىلەنگەن بولۇپ، ۋاقىت چەكلىمىسىدىن ئېشىپ كەتسە، بۇخىل دىلولار قانۇنى كۈچتىن قالاتتى. يۇقارقى ئەھدىنامىدا بۇخىل چەكلىمە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ھەمدە جىنايەت يۈزبېرىپ ئارىدىن قانچىلىك زامان ئۆتۈشىدىن قەتئى نەزەر، جىنايەتچى قولغا چۈشكەن ھامان قانۇن بويىچە جازالىنىدۇ. بۇ ئەھدىنامە بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1968 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىكى 2391 ـ نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ماقۇللاندى ھەمدە 1970 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى رەسمى كۈچكە ئىگە قىلىندى. بۇ ئەھدىنامە 11 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

23 . « ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى ۋە ئىنسانلارغا زىيانكەشلىك قىلغان جىنايەتچىلەرنى رازۋېتكا قىلىش، قولغا ئېلىش، ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋە جازالاش ھەققىدىكى خەلقئارا ھەمكارلىق پىرىنسىپى »

( بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1973 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىكى 3074 ـ نومۇرلۇق قارارى. بۇ ھەمكارلىق پىرىنسىپى جەمئى 9 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

24 . « قۇللۇقنى چەكلەش ئەھدىنامىسى »

( 1926 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جەنۋەدە رەسمىلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ خەلقئارا ئەھدىنامە 12 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

25 . « 1926 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جەنۋەدە بېكىتىلگەن قۇللۇقنى چەكلەش ئەھدىنامىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھەققىدى خەلقئارا كېلىشىمنامە »

( بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1953 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىكى 794 ـ نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن تەستىقلانغان، 1953 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى رەسمى كۈچكە ئىگە قىلىنغان. بۇ كېلىشىمنامە 5 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

26 . « قۇللۇق تۈزۈمىنى، قۇل ئېلىپ ـ سېتىشنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان قۇللۇق تۈزۈملىرىنى ۋە ئادەتلىرىنى چەكلەش ھەققىدىكى قوشۇمچە ئەھدىنامە »

( بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتى ئىقتىسات ۋە ئىجتىمائى كومۇتېتى يىغىنىنىڭ 1956 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىكى 608 ـ نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ماقۇللانغان ھەمدە 1957 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى رەسمى كۈچكە ئىگە قىلىنغان. بۇ ئەھدىنامە جەمئى 6 قىسىم ۋە 15 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

27 . « مەجبۇرى ئەمگەك ئەھدىنامىسى »

( بۇ ئەھدىنامە خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتى قۇرۇلتىيىنىڭ 14 ـ نۆۋەتلىك يىغىنىدا 1930 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ماقۇللانغان بولۇپ، 1932 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىۋارەن رەسمى كۈچكە ئىگە قىلىنغان. بۇ ئەھدىنامە جەمئى 33 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

28 . « مەجبۇرى ئەمگەكنى چەكلەش ئەھدىنامىسى »

( خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتى قۇرۇلتىيىنىڭ 40 ـ نۆۋەتلىك يىغىنىدا 1957 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ماقۇللاندى ھەمدە 1959 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى رەسمى كۈچكە ئىگە قىلىندى. بۇ ئەھدىنامە جەمئى 10 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

29 . « ئادەم ئەتكەسچىلىكىنى چەكلەش ۋە مەجبۇرى پاھىشىلىككە سېلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققىدىكى ئەھدىنامە »

( بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1949 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىكى 317 ـ نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن تەستىقلاندى ھەمدە 1951 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى كۈچكە ئىگە قىلىندى. بۇ ئەھدىنامە جەمئى 28 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

30 . « مەھبۇسلارغا قارىتىلغان مۇئامىلىنىڭ ئەڭ تۆۋەن چەكلىمە ئۆلچىمى ھەققىدىكى خەلقئارا نىزام »

( 1955 ـ يىلى جەنۋەدە ئۆتكۈزۈلگەن « تۇنجى نۆۋەتلىك بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتى جىنايەتچىلەرگە قارىتىلغان ناچار مۇئامىلىلەرنى چەكلەش چوڭ يىغىنى » دا ماقۇللاندى. بۇ نىزام جەمئى 95 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

31 . « ھەربىر كىشىنىڭ قىيناش ۋە باشقا ۋەھشىلەرچە غەيرى ئىنسانى مۇئامىلىلەرگە ۋە جازالاشلارغا ئۇچرىماسلىقنى قوغداش خىتاپنامىسى »

( بىرلەشكەن دۆۋلەتلەرتەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1975 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىكى 3452 ـ نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ماقۇللاندى. بۇ خىتاپنامە 12 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

32 . « قىيناش ۋە باشقا ۋەھشى غەيرى ئىنسانى ياكى ھاقارەت خارەكتىرلىك مۇئامىلە ۋە جازالاشلارنى چەكلەش ئەھدىنامىسى »

( بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1984 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىكى 46/ 39 ـ نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ماقۇللاندى ھەمدە 1987 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى رەسمى كۈچكە ئىگە قىلىندى. بۇ ئەھدىنامە جەمئى 3 قىسىم ۋە 33 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

33 . « قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ ھەركەت نىزامى »

( بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1979 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى 169/ 34 ـ نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ماقۇللاندى. بۇ نىزام جەمئى 8 چوڭ ماددىدىن تەركىپ تاپقان)

34 . « تىببى خادىملارنىڭ، بولۇپمۇ دوختۇرلارنىڭ نازارەت ئاستىدىكى ۋە قولغا ئېلىنغان كىشىلەرنىڭ قىين ـ قىستاققا ۋە غەيرى ئىنسانى مۇئامىلىگە، ھاقارەتكە ۋە جازالاشلارغا ئۇچرىماسلىقنى قوغداش جەھەتتىكى ۋەزىپىللىرى ھەققىدە تىببى ئەخلاق پىرىنسىپى »

( بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1982 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىكى 194/ 37 ـ نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ماقۇللانغان. بۇ خەلقئارالىق پىرىنسىپ جەمئى 6 چوڭ ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

35 . « ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان كىشىلەرنىڭ ھوقوقلىرىنى قوغداشقا كاپالەتلىك قىلىش تەدبىرلىرى »

( بۇ خەلقئارا قانۇن، بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتى ئىقتىسات ۋە ئىجتىمائى كومۇتېتى يىغىنىنىڭ 1984 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىكى 50 ـ نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن تەستىقلانغان بۇ قانۇن 9 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

36 . « بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ، ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەدلىيە ـ قانۇن جەھەتتىكى ئەڭ تۆۋەن چەكلىمە ئۆلچىمى ھەققىدىكى نىزامى »

( بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 1985 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىكى 33/ 40 ـ نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ماقۇللاندى. بۇ نىزام 6 قىسىم ۋە 30 ماددىدىن تەركىپ تاپقان )

(داۋامى گېزىتىمىزنىڭ كېلەركى سانلىرىدا)

شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى نەشر قىلدى

# تۈنجى نۆۋەتلىك « تۈرۈك دۇنياسى ئاياللار قۇرۇلتىيى » ئىستانبۇلدا مۇۋاپىقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى



ئۆز مۇخبىرىمىز ئەركىن تارىمنىڭ تۈركىيەدىن بەرگەن خەۋىرى: تۈنجى نۆۋەتلىك « تۈرك دۇنياسى ئاياللار قۇرۇلتىيى »، بۇيىل 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدە مۇۋاپىقىيەتلىك ھالدا ئۆتكۈزۈلدى. تۈركىيەدىكى « تۈرك دۇنياسى تەتقىقات جەمىيتى » نىڭ تەشكىللىشى بىلەن چاقىرىلغان بۇقېتىمقى قۇرۇلتايغا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان 37 تۈركىي مىللەتنىڭ 85 نەپەر ئايال ۋەكىلى قاتناشتى.

قۇرۇلتايدا، « تۈرك دۇنياسى تەتقىقات جەمىيتى » نىڭ رەئىسى فىراپىسور - دوكتور تۇران يازگان سۆزقىلىپ، بۇ جەمىيەتنىڭ 20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان پۈتۈن دۇنيادىكى تۈركىي خەلقلەر ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ھالدا خىزمەت قىلىپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، مۇنداق دىدى: « ئاياللارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشمىگەن ھەرقانداق بىر ھەرىكەتنىڭ مۇۋاپىقىيەتكە ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەس. بىزنىڭ ئاساسىي غايىمىز، تۈرۈك دۇنياسىدا دىلدا، پىكىردە ۋە ھەرىكەتتە ھەققىي يوسۇندا بىرلىكنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ غايىگە يېتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن يېزىقىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر بىز يېزىقىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرەلمىسەك، « 21 - ئەسىر - تۈرك ئەسىرى بولىدۇ » دىگەن بۇ سۆز قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ. دۇنيادا ھېچقانداق بىر مىللەت ئىككى خىل يېزىق قوللانمايدۇ، ئەمما دۇنيادىكى تۈركىي مىللەتلەر 30 خىل يېزىق قوللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ قىرغىنچىلىقىنىڭ ۋە تۈرلۈك بېسىملىرىنىڭ مەھسۇلى. ھازىر تۈرك دۇنياسىدا بىرخىل يېزىقنى قوللىنىدىغان زامان يېتىپ كەلدى، بىز بارلىق تۈركىي مىللەتلەر ئالدى بىلەن يېزىقىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تىرىشىشىمىز كېرەك. بۇ بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرىدىغانلارمۇ ئانىلاردىن ئىبارەت ».

يىغىن جەريانىدا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئاياللار ۋەكىللىرى ئارقا - ئارقىدىن سۆزقىلىپ، تۈرك دۇنياسىنىڭ بىرلىكنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەشتى.

جەمئىي 3 كۈن داۋام قىلغان بۇقېتىمقى يىغىندا، تۈرك دۇنياسىدا ئاياللارنىڭ سىياسى، ئىجتىمائى ۋە قانۇنى ھوقۇقلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش جەھەتلەردە ئىلمى مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بېرىلدى.

## ملوسېۋىچنىڭ چەتئەلگە چىقىشى چەكلەندى



ئۆز خەۋەرىمىز: ياۋروپا بىرلىككە ئەزا دۆۋلەتلەر يۇگوسلاۋىيىگە قارشى يېڭى تەدبىرلەر ئېلىشنى قارارقىلدى. بۇندىن ئىككى ھەپتە بۇرۇن ياۋروپا بىرلىككە ئەزا دۆۋلەتلەر يۇگوسلاۋىيىگە قارشى نېفت ئامبارگوسىنى يولغا قويغان ئىدى، بۇقېتىم يۇگوسىلاۋىيىنىڭ پىرېزىدىنتى سلوبان ملوسېۋىچ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە، شۇنداقلا يۇگوسلاۋىيىنىڭ مىنىستىرلىرى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىغا ۋىزا بەرمەسلىك قارارى ئالدى. بۇندىن باشقا يەنە ياۋروپا بىرلىككە ئەزا 15 دۆۋلەت، يۇگوسلاۋىيىنىڭ چەتئەللەردىكى مال - مۈلۈكلىرىنى توڭلىتىش ۋە يۇگوسلاۋىيىگە قارىتىلغان بارلىق ئېكسپورتلارنى چەكلەشنى قارار قىلدى.

## تەيۋەندە ئۇيغۇر قىزلىرى دەپسەندە قىلىنماقتا

تەيۋەننىڭ تەيبېي شەھىرىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان مەلۇم بىر شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىندىشىمىزنىڭ 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى گېزىتىمىزگە يوللىغان مەكتۇبىدا ئەينەن مۇنداق دېيىلىدۇ:

« ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار، مەن يېقىندا شەرقىي تۈركىستاندىكى « شىنجاڭ بىڭتۇەن ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى » نىڭ ئارتىسلىرىنىڭ تەيۋەننىڭ تەيبېي شەھىرىگە كېلىپ ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇللىرىنى تەيۋەن جامائەتچىلىكىگە كۆرسەتىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. مەن بۇ ۋەتەنداشلىرىم بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسىدا، تەيبېيدىكى دۆلەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل تىياتىرخانىسىغا بارغان بولساممۇ، ئەمما ئۇلارنى ئىزدەپ تاپالمىدىم. كېيىن سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ گاۋشىڭ رايونىدىكى چاۋجۇ مېھمانخانىسىدا ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم ۋە ئۇ يەرگە بېرىپ بۇ ۋەتەنداشلىرىم بىلەن يۈز كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. ئەمما مېنى ئەجەپلەندۈرگىنى، بۇ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ تەيۋەن جامائەتچىلىكىگە ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى باشقا ئىشلار ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى ھېس قىلدىم، چۈنكى مەن ئۇلارنىڭ مۇشۇ مېھمانخانىلارنىڭ پاھىشىخانىلىرىدا تەيۋەنلىك باي تىجارەتچىلەر ئۈچۈن ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ قاۋاقخانىلاردا ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. كېيىن مەن ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ جەمئىي ئون ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 6 سىنىڭ ئۇيغۇر، بىرسىنىڭ قازاق قىزى ئىكەنلىكىنى، قالغان ئۈچىنىڭ خىتاي بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئۆمەكنى باشلاپ كەلگەن « شىنجاڭ بىڭتۇەن ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى » پارتىيە ياچەيكىسىنىڭ سېكرېتارى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇلار گۇاڭجۇ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن تەيۋەندىكى بىرقىسىم تىجارەتچىلەرنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن تەيۋەنگە ئېلىپ كېلىنگەن، ئۇلار تەيۋەنگە ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، ئۇلار مەزكۇر مېھمانخانىدىن سىرتقا چىقىشقا رۇخسەت قىلىنمىغان، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كۈنلۈك ئىش ھەققى ئۈچۈن ئاران 120 تەيبېي ( تەيۋەن پۇلى ) بېرىلگەن. بۇ پۇلغا بىر ۋاقلىق تاماقمۇ كەلمەيدۇ. ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدىكى بىر ئۇيغۇر قىزى ماڭا ئۆزلىرىنىڭ ئالدانغانلىقىنى، ئەمما قايتىشقا رۇخسەت قىلىنمايۋاتقانلىقىنى، بۇندىن كېيىنكى تەقدىرى ئۈچۈن قاتتىق ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

تەيۋەندىكى قېرىندىشىمىزنىڭ 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئىككىنچى قېتىم يوللىغان خېتىدە، ئۆزىنىڭ بۇ ئۇيغۇر قىزلىرى بىلەن قايتا كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئەتىسى ئۇلارنى ئىزدەپ بارغاندا، بۇ قىزلارنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ ئۇلارنى ئېلىپ كەلگەن فىرمىغا تېلېفون بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ فىرمىنىڭ ئۇلارنىڭ بار يېرىنى ئېيتىپ بەرمىگەنلىكى بايان قىلىندى.

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشىر قىلدى

# ئۇيغۇر ياشلىرى ۋەكىللىرى تۈركىيە «مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيىسى» رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى

ئۆزمۇخبىرىمىز خەۋىرى : بۇيىل 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، «شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى» نىڭ ئەنقەرەدە دائىمى تۇرۇشلۇق ۋەكىلى ئەركىن تارىم، «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتى» نىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا، مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇرىشىت ئابدىخېمىتلار تۈركىيە پارلامېنتىغا بېرىپ، تۈركىيەنىڭ 2 - چوڭ پارتىيىسى بولغان «مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيىسى» نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سادى سومۇنجۇ ئوغلۇ نى زىيارەت قىلدى.

كۆرۈشۈش جەريانىدا ئەركىن تارىم ئالدى بىلەن مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيىسىنىڭ بۇقېتىمقى ئومۇمى سايلامدا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەبرىكلەپ ئۆتكەندىن كېيىن، «شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى» نىڭ يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان ئېلىپ بېرىۋاتقان پائالىيەتلىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بەردى.

ئارقىدىن دولقۇن ئەيسا سۆز قىلىپ، مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيىسىنىڭ بۇقېتىمقى سايلامدا قولغا كەلتۈرگەن زور مۇۋەپپەقىيىتىدىن پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چەكسىز سۆيۈنگەنلىكىنى ۋە مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيىسىنىڭ بۈنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرىگە مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، سادى سومۇنجۇ ئوغلىغا «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» نىڭ پائالىيەتلىرى ھەمدە يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندىن قازاقىستانغا قېچىپ چىققان ئۇيغۇر مۇھاجىرلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالى ھەققىدە تەپسىلى مەلۇمات بەردى.

كۆپچىلىككە مەلۇم بولسا كېرەك، ئەسلى تۈركىيەدىكى پارتىيىلەر ئىچىدە 6 - ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن ۋە تۈركىيە پارلامېنتىدا بىرمۇ پارلامېنت ئەزاسى بولمىغان مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيىسى، بۇيىل 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تۈركىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن ئومۇمى سايلامدا 2 - چوڭ پارتىيە بولۇپ چىقتى ھەمدە بۇ پارتىيىدىن 129 نەپەر پارلامېنت ئەزاسى سايلاندى. بۇپارتىيىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سادى سومۇنجۇ ئوغلۇ تۈركىيەنىڭ بۇقېتىمقى يېڭى پارلامېنتىنىڭ باشلىقلىق نامزاتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە پارلامېنتتا ئۆتكۈزۈلىدىغان سايلامدا پارلامېنت باشلىقى بولۇپ سايلىنىپ قېلىنىش ئېھتىمالى يۇقىرى بولغان بىر شەخس.

# ئاللاھ ئۇلارنىڭ تىجارىتىگە بەرىكەت بىنىگە سالامەتلىك ئاتا قىلسۇن!

( «شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى» نىڭ، سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزغا يازغان تەشەككۈرنامىسى )

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئىقتىسات - تاشقى دۇنيادا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ جان تومۇرى. يىرىم ئەسىردىن بۇيان تاشقى دۇنيادا شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كىچىكلىكتىن زورىيىپ بۈگۈنكىدەك ئۈمىتۋار ھالغا كېلىشىنى، ۋەتەن سىرتىدا ياشاپ كېلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق ۋەتەنپەرۋەر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىقتىسادى جەھەتتىكى پىداكارانە ياردىمىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. بولۇپمۇ شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتمەكچىمىزكى، سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى قېرىنداشلىرىمىز يىرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان تاشقى دۇنيادا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مىللى داۋايىمىزنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادى يۈكىنى ئۈز ئۈستىگە ئېلىپ كەلدى . تاشقى دۇنيادىكى ھەر قايسى تەشكىلات ۋە جەمئىيەتلەرنىڭ ئىچىدە ئۇلاردىن ياردەم ئالمىغىنى ناھايىتى ئاز. جۈملىدىن، «شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى» مۇ ئۆزىنىڭ 1996 - يىلىدىن بۇيانقى قۇرۇلۇش تارىخىدا شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزدىن ئېرىشكەن ماددى ياردەمنىڭ ئەڭ كۆپرەكىنى ئەنە شۇ سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى مىللەت سۆيەر تەقۋادار ھەمشەرىلىرىدىن ئالدى. ئۇشبۇ ۋەسىلە بىلەن مەن «ئۇچقۇن گېزىتى» ئارقىلىق «شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى» نامىدىن مەركىزىمىزگە ماددى ۋە مەنىۋى ياردەمدە بولغان سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى پۈتۈن ھەمشەرىلىرىمىزگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن! ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن!

ھۆرمەت بىلەن :

«شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى» نىڭ باشلىقى ۋە «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ ساھىبى:

ئابدۇلجېلىل قاراقاش

1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى (گېرمانىيە - ميۇنخېن)

سۈرەتلىك خەۋەر : بىرئاي بۇرۇن سىرىپ قوشۇنلىرىغا ئەسىر چۈشكەن 3 ئامېرىكىلىق ئەسكەر يېقىندا ئامېرىكىلىق مەشھۇر قارا تەنلىك راھىپ جېسسى جاكسون تەرىپىدىن قۇتقۇزۇپ كېلىندى. جاكسون بىۋاستە ھالدا بېلگرادقا كېلىپ، يۇگوسلاۋىيىنىڭ پىرىزىدېنتى مىلوسېۋىچ بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ئۇنى ئامېرىكىلىق 3 ئەسكەرنى قويۇپ بېرىشكە قايىل قىلدى ھەمدە بۇ ئەسكەرلەرنى ساق - سالامەت ھالدا گېرمانىيىگە ئېلىپ كەلدى.



# «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ ئېلانى

ۋەتەنداشلىرىمىزغا يېتىپ مەلۇم بولغايكى، گېزىتىمىزنى تېخىمۇ كەڭ ئاممىۋىيلاشتۇرۇش مەقسىدىدە، گېزىتىمىزگە سىياسى خەۋەرلەردىن باشقا يەنە، تاشقى دۇنيادا ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش، ئائىلە، توي - تۆكۈن، ئوقۇش، خىزمەت، ئۆلۈم - يېتىم ... ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك ئىجتىمائى خەۋەرلەرنى، ئۇيغۇر يازغۇچى - شائىرلىرىمىزنىڭ شېئىر، ھېكايە، ئەدەبى ئوبزور، نەسر ... قاتارلىق نادىر ئەسەرلىرىنى، ھەرقايسى كەسىپلەردىكى ئالىم ۋە مۇتەخەسسىسلىرىمىزنىڭ ۋە دىنى ئەرباپلىرىمىزنىڭ تارىخ، جۇغراپىيە، ئېكولوگىيە، ئارخېئولوگىيە، دىن .. قاتارلىق تۈرلۈك كەسىپلەر مەزمون قىلىنغان ئىلمى تەتقىقات ئەسەرلىرىنى مۇۋاپىق شەكىلدە بېرىشنى قارار قىلدۇق. ئەگەر پروۋىست، رومان ۋە شېئىرلار توپلىمىغا ئوخشىغان چوڭ تىپتىكى نادىر ئەسەرلەر بولسا، «شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى» ئۇنىڭ نەشر قىلىنىشىغا مۇۋاپىق تۈردە ياردەم قىلىدۇ. بۈنىڭدىكى مەقسىدىمىز، چەتئەللەردە ياشاۋاتقان يازغۇچى - شائىرلىرىمىزغا تېخىمۇ ئازادە مۇھىت يارىتىپ بېرىش ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت.

ئۇلاردىن باشقا يەنە گېزىتىمىز تىجارەت ۋە ئىجتىمائى ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك ئېلانلارنى قوبۇل قىلىدۇ. ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ گېزىتىمىزنى يۇقارقى مەزمۇنلاردىكى تۈرلۈك ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن :

«شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى» نىڭ باشلىقى ۋە «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ ساھىبى ئابدۇجېلىل قاراقاش

«شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى» نەشر قىلدى

# ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى سېرپلارنىڭ قىرغىنچىلىقى ھەققىدە مەخسۇس دوكلات ھازىرلىدى

«شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى» خەۋىرى: نۆۋەتتە ناتونىڭ سېرپلارغا قاراتقان ھەربىي ھەرىكىتى جىددىي داۋام قىلىۋاتقان بىر پەيتتە، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى سىرتقا قېچىپ چىققان كوسوۋا مۇساپىرلىرى تەمىنلىگەن مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، سېرپلارنىڭ قىرغىنچىلىقى ھەققىدە تەپسىلىي دوكلات ھازىرلىدى. ناتو ھەرىكىتى باشلانغان 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە بولغان مەزگىل ئىچىدە سېرپلارنىڭ كوسوۋادا ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرى تولۇق دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن پاش قىلىنغان بۇ دوكلاتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

## 1. پۇخرالار مەجبۇرىي ھەيدەلدى

سېرپلار، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيان ياۋروپادىكى ئەڭ زور كۆچكە زورلاش كامپانىيەسىنى ئېلىپ، كوسوۋادىكى ئالبانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۆيلىرىدىن مەجبۇرىي ياقا يۇرتلارغا ھەيدىدى. بۇيىل 3 - ئايدىن 5 - ئايغىچە بولغان مەزگىل ئىچىدە، 900 مىڭ نەپەر كوسوۋالىق ئالبان سېرپلار تەرىپىدىن ئۆيلىرىدىن ھەيدەلدى. ناتو ھەرىكىتى داۋامىدا سېرپلار كوسوۋالىقلارنى ناتوغا قارشى تىرىك قالقان سۈپىتىدە قوللاندى.



## 2. ئىش يەرلىرى ۋە ئۆيلەر بۇلاپ - تالاندى

سېرپلار ئىنسانلارنى قورال كۈچى ئارقىلىق ئۆيلىرىدىن ھەيدەشتىن بۇرۇن، ئاۋال كوسوۋالىقلارنىڭ ئۆيلىرىدىكى مال - مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ - تالاپ، ئارقىدىن ئۆيلەرنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرىۋەتتى. سېرپ ئەسكەرلىرى ئۆيلەرنى بۇلاپ - تالاش بىلەنلا قالماي، ھەتتا كوسوۋالىقلارنىڭ تۇرمۇش مەنبەئەسى بولغان دۇكان، زاۋۇت - كارخانا ۋە شىركەتلەرنىمۇ بۇلاپ - تالىدى. كوسوۋالىقلار قالغان - قاتقانلىرىنى ئېلىپ چېگراغا قېچىپ كەلگەندە، چېگرادىكى سېرپ ساقچىلىرى تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم بۇلاپ - تالاندى.

## 3. قولغا ئېلىنغانلار يوقاپ كەتتى

سېرپلار مۇساپىرلار لاگېرلىرىدىكى ئەسكەرلىك يېشىغا تولغان كوسوۋالىقلارنى مەجبۇرىي ھالدا تۇتۇپ، ئۇلارغا سېرپ ئەسكەرلىرىنىڭ كىيىمىنى كەيگۈزۈپ، ئۇلارنى ھەربىي ئەسلىھەلىرىنىڭ ئەتراپىغا يەرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ناتوغا قارشى تىرىك قالقان سۈپىتىدە قوللاندى. بۇ جەرياندا ئەڭ ئاز 100 مىڭدىن ئارتۇق ياش يوقاپ كەتتى.

## 4. كوللېكتىپ ھالدا قىرغىن قىلىش

سېرپ ھەربىي كۈچلىرى كوسوۋانىڭ 65 يېزا - بازىرىدا كوسوۋالىق ئالبانلارغا قارىتا كوللېكتىپ قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىپ، 4600 دىن ئارتۇق كىشىنى قىرىپ تاشلىدى. 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كوسوۋانىڭ جاكوۋىجا دېگەن يېرىدىن قېچىپ كېلىۋاتقان بىر ئالبان قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلغان سېرپ كۈچلىرى، 200 ئالبان ئەرنى ماشىنىدىن مەجبۇرىي ھالدا يەرگە چۈشۈرۈپ تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇپ، ئارقىدىن ئۇلارنىڭ مېڭىسىگە قارىتىپ ئوق چىقىرىپ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىدى.



## 5. ئاياللارغا باسقۇنچىلىق

سېرپ ھەربىي كۈچلىرى، كوسوۋالىق ئاياللارغا تەشكىللىك ۋە يەككە ھالدا باسقۇنچىلىق قىلماقتا. سېرپ ئەسكەرلىرى ئالبان ئاياللارنى ئۆيلىرىدىن مەجبۇرىي بۇلاپ چىقىپ، ئۇلارنى ھەربىي لاگېرغا ۋە مېھمانخانىلارغا سولىۋېلىپ، ئۇيەردىكى سېرپ ئەسكەرلىرىنىڭ كوللېكتىپ ھالدا باسقۇنچىلىق قىلىشىغا تۇتۇپ بەردى. ئۇنىدىن باشقا يەنە كوسوۋالىق ئاياللار يېزىلاردا ۋە قېچىش جەريانىدا يوللاردىمۇ سېرپ ئەسكەرلىرىنىڭ باسقۇنچىلىقىغا ئۇچرىدى.

## 6. يېزا - مەھەللىلەر كۆيدۈرۈلمەكتە

بۇيىل 3 - ئايدىن بۇيان كوسوۋادا ئەڭ ئاز 500 كەنت ۋە مەھەللە سېرپ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن كۆيدۈرۈلۈپ، خارابىلىككە ئايلاندۇرۇۋېتىلدى. سېرپ ئەسكەرلىرى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈش ۋە ئۆرۈپ - چېقىش جەريانىدا، كوسوۋا رايونىدا ئولتۇراقلاشقان سېرپ ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە چېقىلمىدى ھەمدە سېرپ ئاھالىلىرىنى ئۆزلىرىنى ئالبانلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشىك ۋە تاملىرىغا «سېرپ» دېگەن خەتنى يېزىپ قويۇشقا بۇيرىدى.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى يۇقارقى دوكلاتقا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، سېرپ رەھبىرى مىلوسېۋىچنى لاھېدىكى خەلقئارا ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى سوتلاش مەھكىمىسىدە سوتلاشنى پىلانلىماقتا.

### ئامېرىكا جامائىتى سېربىستاننىڭ ئىشغال قىلىنىشىنى ئىستەيدۇ

*ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر «نيۇيورك تايمس» گېزىتى يېقىندا، «سېربىستاننى بىرىيولا ئەگىلىۋېلىشنىڭ پەيتى كەلدىمۇ؟!» دېگەن تېمىدا بىرپارچە مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلدى. بۇ ماقالىدا، ئامېرىكىدىكى كۆپلىگەن ئىجتىمائىي ۋە ئاممىۋى جەمئىيەتلەرنىڭ، ناتونىڭ سېربىستاننى ئىشغال قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە بىردەك پىكىرگە كەلگەنلىكى بايان قىلىندى. ماقالىدا، خۇددى 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرىدا بىرلەشمە ئارمىيە گېرمانىيەنى ئىشغال قىلغىنىدەك، ناتونىڭمۇ سېربىستاننى ئىشغال قىلىشى لازىملىقى، چۈنكى سېرپلار كوسوۋادىن چېكىنگەن تەقدىردىمۇ يەنە سېربىستاندا مىلوسېۋىچنىڭ دىكتاتورلۇقىنىڭ داۋام قىلىدىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ بالقان ئەللىرىگە زور تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن ناتو قوشۇنلىرى سېربىستاننى تامامەن ئىشغال قىلىپ، سېرپ ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ، مىلوسېۋىچنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشى كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.*

جانابىي ئاللاھ مەدەتكارىمىز بولغاي!

گېزىتنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ساھىبى:
ئابدۇلجېلىل قارقاش
گېزىت مەسئۇلى ۋە باش تەھرىر:
پەرھات مۇھەممىدى
تەھرىر ۋە مونتاژ:
ئۆمەرجان شاھيارى

تەھرىرلەر:
پەرىدە نىياز
ئايگۈل ئەسەتكىچىك
كوررېكتور:
ئۈچقۇن قەشقىرى

گېزىتىمىزگە بېسىلغان ماقالىلارنىڭ مەۋقەسى ئاپتورلىرىمىزغا ئائىتتۇر. گېزىتىمىزغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ. ۋەتەن ھەققىدىكى مۇھىم ئاخباراتلارغا مۇۋاپىق ھەق بېرىلىدۇ.

E T I C
Lindwurmstr. 99
80337 Munchen Germany
E Mail:etic@uygur.com
Internet:www.uygur.com
Tel:0049/89/543 88 99
Fax:0049/89/54 45 63 30

گېزىتنى بېسىپ تارقاتقۇچى:
«شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى»
نەشرىيات مۇدىرى
ئابدۇلجېلىل تۇران

«شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى» نەشر قىلدى